ئۇرخۇن توربېكتىنىڭ قۇرغۇچىسى **تۇرسۇنجان مەزىم** 2009- يىلى «5-ئىيۇل ۋەقەسى» دىن كېيىن ئاقسۇ ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن مەخپىي سوتلىنىپ 7 يىللىق تۈرمە جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ۋە ئورخۇن توربېكتى تاقالغان. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەينى ۋاقىتتا ئورخۇن توربېكىتىدە بېرىلگەن بىر قىسىم ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەر لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ توربېكىتىدە قايتا ئېلان قىلىندۇ

http://www.uyghurensemble.co.uk

---

2009-03-11 : ئورخۇن توربېكىتىدە بېرىلگەن ۋاقتى

# ئۇيغۇرلاردىكى مەشھۇر شەخسلەر

ئەسسالامۇ ئەلەيۇم تورداشلار
تۆۋەندە مەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مۇناسىۋەتلىك كىتاپ- ژورناللاردىن،ھەر قايسى تور بەتلەردىن يىغىپ توپلىغان مەشھۇرلىرىمىز توغرىسىدىكى تەرجىمھال ۋە سۈرەتلەرنى يوللىدىم. مەقسىدىم:مەشھۇرلىرىمىز توغرىسىدىكى ماتىريياللارنى بىر يەرگە جۇغلاش ئارقىلىق، مەشھۇرلىرىمىزنىڭ تەرجىمھالى لازىم بولغانلار ياكى شۇ تەرجىمھالى بىلەن تونۇشۇشنى خالايدىغانلارغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش. شۇڭا مەن يىغىپ توپلىغان ماتىريياللارنى مەنبەسى بىلەن يوللاپ بولغاندىن كېيىن،تورداشلارنىڭ يەنە قاراپ بېقىپ،يېزىلماي قالغانلار بولسا،داۋاملىق ئىنكاس سۈپىتىدە مۇشۇ تېمىغا يوللاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.(ۋاقىت مۇناسىۋىتى ۋە بەزىبىر سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن تېمىنىڭ داۋامىنى ئىنكاسقا يوللايمەن.

تۆۋەندە يوللانغان مەشھۇرلىرىمىزنىڭ تەرجىمھالى ئىلگىرى-كېيىنلىك

تەرتىپىدە يوللانمىدى. ئۆزۈمنىڭ توپلىغانلىرىمنى يوللاپ بولغاندىن كېيىن،ياشىغان يىلنامىسىگە ئاساسەن ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە قايتا تەھرىرلىنىدۇ. بۇ تېمىنى باشقا مۇنبەرلەرگە يوللىغۇچىنىڭ رۇخسىتىسىز يوللاشقا بولمايدۇ.

سۇلتان ساتۇق بۇغراخان






سولتان سوتوق بوغراخان

ھەزرتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئۈچىنچى
ئەۋلاد خاقانى بولۇپ ئۇ شىنجاڭغا تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنى تارقاتقان بولغاچقا
،ئىسلام دىنى ئېتىقادچىلىرىنىڭ پېشىۋاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ
قاچان تۇغۇلۇپ قاچان ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇماتلار
بولمىسىمۇ،لىكىن بەزى تارىخىي ماتىرىياللار ئۇنىڭ 901- يىلدىن 956-
يىلىغىچە ياشىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردۇ . ئۇنىڭ ئۇستازى ئەبۇ نەسىر
سامانى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يەرلىكنى دۆلەتنى قوغداش يولىدا
ئالەمدىن ئۆتكەن كىشىلەر قويۇلغان جايغا قويۇشنى تەۋسىيە قىلغان ، ئۇ
يەر « شىھىت ماكانى» يەنى «مەشھەد» دەپ ئاتالغان . ئۇ يەردە ھازىرمۇ
«ھەز سۇلتان»، «ھەز سۇلتۇنۇم »دىگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان
سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرى بار . «ھەز سۇلتان» دىگەن سۆز
«ھەزرەت سۇلتان»دېگەن سۆزنىڭ جانلىق تىلدا ئېيتىلىشى بولۇپ ، «
ھەزرەت سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» دىگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى .
«سۇلتان» دىگەن سۆز ئەرەبچە «سەلتەنەت ئىگىسى» دىگەن مەنىدە
بولۇپ ، سۇتۇق بۇغراخان نامىغا ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىدا
قوشۇلغان بولۇشى مۇمكىن . تارىخى ماتىرىياللاردا بولسا «سۇلتان سۇتۇق
بۇغراخان ئابدۇكېرىم» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. «ئابدۇكېرىم»ئۇنىڭ مۇسۇلمان
بولغاندىن كېيىن قويۇلغان ئىسمى1990- يىلى دۆلەت ۋە شۇ يەردىكى
يەرلىك خەلقلەر كۆپلەپ مەبلەغ ئاجرىتىپ ئالدى دەرۋازا ۋە ئىككى ياندىكى
ئىگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان يېڭى مۇنارنى ياسىدى ، بۇ يەر «سۇلتان سۇتۇق
بۇغراخان مازىرى» دەپ ئاتىلىپ «جۇڭگو مەشھۇر ئاسارە – ئەتىقىلەر لۇغىتى»
دىگەن كىتاپقا مەشھۇر ئاسار – ئەتىقىلەر سۈپىتىدە كىرگۈزۈلدى.

مەھمۇد كاشىغەرى




مەھمۇد كاشغەرى 11-ئەسىرلەردە ئۆتكەن ئۇلۇغ
ئالىم،تىلشۇناس،ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ تارىخى،جۇغراپىيىسى،مىللىي
ئۆرپ-ئادىتى،ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئەدەبىيات-سەنئىتىنى تەتقىق
قىلىدىغان قامۇس «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» نىڭ ئاپتورى.«دىۋانۇ لۇغەتت
تۈرك»دىكى مەلۇماتلارغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا،
مەھمۇد كاشغەرى مىلادىيە 1008-يىلى، ھازىرقى قەشقەرنىڭ ئوپال
يېزىسى ئازىخ كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن.96-97يېشىدا ئوپالدا ۋاپات بولغان.
مەھمۇد كاشغەرى قارا خانىيلار خانلىقىنىڭ خانزادىلىرىدىن بولۇپ،چوڭ
دادىسى مۇھەممەد قاراخانىيلار خانلىرىدىن بولغان يۈسۈف قادىرخاننىڭ
ئىككىنچى ئوغلى ئىدى. مەدرىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ يېتىشكەن
بىلىملىك زات بولۇپ، يۈسۈپ قادىرخان تەختكە چىققاندىن كېيىن،ئوردىدا

مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. مەھمۇد كاشىغەرىنىڭ ئانىسى بۇۋى رابىيە
قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئىسلزادىلىرىدىن بولغان خوجا سەيفىددىنىنىڭ قىزى.
ئۇ ئىسىل تەبئىيەتلىك، ئەقىللىق، ئوقۇمۇشلۇق، مۇزىكىغا ھېرىسمەن ھەم
.پەزىلەتلىك ئايال بولۇپ، ئىبرى ھۇسەيىنىنىڭ قابىل ياردەمچىسى ئىدى
مەھمۇد كاشىغەرى باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئائىلىسىدە ۋە ئوپالدىكى
مەدرىسلەردە ئالغان.ئوتتۇرا ۋە ئالى مائارىپنى بولسا،قەشقەرنىڭ ئۆز
دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالى مەكتەپلەردىن بولغان«ھەمىدىيە»ۋە«مەدرىسەئى
ساچىيە»لەردە ئالغان. مەزكۇر ئىلىم يۇرتلىرىدا ،زامانىسىنىڭ ئەللامىلىرىدىن
سانىلىدىغان ھۇسەيىن ئىبنى خەلەق كاشغەردەك كاتتا ئۆلىمالارنىڭ
ھوزۇرىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان.ئۆز ئانا تىل-ئەدەبىياتىدىن باشقا،ئەرەب،پارس
تىل-ئەدەبىياتلىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن. ئاندىن يەنە ،ئۆز زامانىسىنىڭ
مەدەنىي ئىنسانلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك بولغان ئىسلام تارىخى،ئىسلام
پەلسەپىسى،تىلشۇناسلىق،مەنتىق ئىلمى،جۇغراپىيە ۋە ئاسترونومىيە
.قاتارلىق پەنلەر بويىچمۇ ئوقۇپ،يېتىك بىلىمگە ئىگە بولغان
مەھمۇد كاشىغەرى«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»دە: بۇ يەردە سۆزلەرنىڭ بىرلىك،
كۆپلۈك، سىپىلىشتۇرۇش، كىچىكلىتىش، ئاشۇرۇش ۋە تۈرلىنىش ئۇقۇملىرىغا
مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر سۆزلەنمىدى. چۈنكى، بۇلار ئۈچۈن ئايرىم بىر كىتاپ
يېزىپ، ئۇنىڭغا« كىتابۇ جەۋاھىرىن نەھۋە فى لۇغەتت تۈرك» دەپ ئات قويدۇم،
دەپ مەلۇمات بەرگىنىگە ئاساسلانغاندا، بۇ زاتنىڭ « كىتابۇ جەۋاھىرىن نەھۋە
.فى لۇغەتت تۈرك»دىگەن يەنە بىر كىتابنى يازغانلىقى مەلۇم
(تىل ۋە تەرجىمە»ژورنىلى» )
كىتابۇ جەۋاھىرىن نەھۋە فى لۇغەتت تۈرك»دېگەن بۇ كىتاپنى تاپقۇچىلارغا »
تۈركىيە ھۆكۈمىتى مىڭ تىللا جۇمھۇرىيەت ئالتۇنى بېرىدىغانلىقىنى
.جاكارلىغان

مەھمۇد كاشىغەرى يازغان«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»نىڭ ئەسلى
(نۇسخىسى(تۈركىيە ئىستانبۇل مەركەز كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا


كتاب ديوان لغات الترك
تاليف محمود بن الحسين بن محمد الكاشغري رحمه الله

مەھمۇد كاشـغەرى يازغان «دىۋانۇ لەتت تۈرك»نىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىس




.دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»نىڭ تۈركچە نەشرى»




.مەھمۇد كاشغەرى سىزغان تۇنجى دۇنيا خەرىتىسى

---




تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئالىمنىڭ 900يىللىقىدا تارقاتقان(1972-يىلى)پوچتا ماركىسى.




مەهمۇد كاشىغەرى قەبرىگاھى.




天山网




## يۈسۈپ خاس هاجى

[

]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ(1085/6_1019/20)ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر،شائىر ۋە
دۆلەت ئەربابى، جۈملىدىن ئېنسىكلوپېدىيىلىك داستان «قۇتادغۇ
بىلىگ»نىڭ ئاپتورى.
قۇتادغۇ بىلىگ»تىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ قاراخانىيلارنىڭ ئىككىنچى »
پايتەختى،كېيىنكى ئاساسلىق شەھەرلىرىدىن بىر ھېساپلانغان بالاساغۇندا
دۇنياغا كەلگەن. داستاندا، مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ بالاساغۇندا تۇغۇلغانلىقى ۋە
ئەسىرىنى كاشغەردە تاماملىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلارنىڭ ئىنتايىن گۈللەنگەن دەۋرىنى،
شۇنداقلا بىر مەزگىللىك تۇراقسىز بولغان دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن.
دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ۋە خەلقنىڭ غېمىنى ئويلايدىغان شائىر

1069-1070-يىللىرى ئارىلىقىدا، تەخمىنەن 50ياشلارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن غايەت زور ئۈمىد ۋە ئىلھام تۇرتكىسى بىلەن كاشغەردە «قۇتادغۇ بىلىگ» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ تاماملاپ، ئۇنى بىر قانچە يىل ساقلاپ، ئۆزگەرتىپ كېيىن تابغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئېلى ھەسەن (1074/5-1102/3-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) يەنى ھەسەن بۇغرا خانغا تەقدىم قىلغان. بۇغراخان شائىرنىڭ داستانىنى كۆرۈپ،شائىرغا «خاس ھاجىپ»لىق مەرتىۋىسىنى بەرگەن ھەم ئۇنى ئوردا ئىشلىرىغا قاتناشتۇرغان. ئۇ ئوردىدا 18~20يىلغىچە ئىشلەپ،1085/6-يىلى كاشغەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئۇنىڭ قەبرىسى كاشغەر شەھىرىدىكى پايناپ دېگەن جايدا.

(ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى)





ئەبۇ ناسىر فارابى




بۈيۈك ئالىم ئەبۇ نەسىر بىننى تارخان بىننى ئۇلۇغ فارابى قاراخانلار خانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە قارلۇق خانلىقىغا قاراشلىق ئامۇ ۋە سىر دەريالىرى ئارىسىدىكى فاراب (ئوترار) شەھرىدە ھىجرىيە 257 - يىلى ( مىلادى 870 -يىلى ) دۇنياغا كەلدى . فارابىنىڭ دادىسى مۇھەممەت فاراب شەھرىدىكى چاسىچ قەلئەسىنىڭ قوماندانلىق شتابىدا ئىشلىگەن ئېسىل پەزىلەتلىك مەرپەتپەرۋەر بىر كىشى ئىدى . فارابىنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرى فاراب شەھرىدە ئۆتتى ، ئۇ كىچىكىدىنلا ئىنتايىن تىرىشچان ۋە زىرەك ئىدى . ئۇ دەسلەپ فاراب شەھرىدە باشلانغۇچ مەلۇمات ئالدى ، ئۆز ئانا تىلىنى كۆڭۈل قويۇپ پۇختا ئۆگەندى . كېيىنچە ئۇنىڭ ئىلىم - مەرپەتكە تەلتۈنۈشى تېخىمۇ كۈچىيىپ ، ئەرەب ئابباسىيە خەلپىلىگىنىڭ 18 - خەلپىسى خەلپە مۇقتەدىر بىللا زامانىسىدا (مىلادى

908- 932- يىلى تەختتە تۇرغان) باغداتقا كەلدى ، ئۆزىنىڭ زور
تىرىشچانلىقى بىلەن قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئەرەب تىلىنى پۇختا
ئىگەللەپ ، مۇرەككەپ ماۋزۇلاردا ئەرەبچە ماقالە يازغۇدەك سەۋىيەگە
يەتتى . ئەينى دەۋردە باغداتتا تۇرۇپ ، يۇنان پەلسەپە ئەسەرلىرىنى
تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مەشھۇر مەنتىقىچى
(لوگىكاشۇناس) ئەبۇ بەشىر مەتتا بىننى يۇنۇس هوزۇرىدا ئىلمي مەنتىق
(لوگىكا) ئۆگەندى .شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر گراماتىكا ئالىمى بىننى سارراجغا
ئىلمى مەنتىقىدىن گراماتىكا ۋە تىلشۇناسلىققا دائىر بىلىملەرنى
ئىگەللىدى .كاتىپ چەلەبىنىڭ «كەشفۇر زۇنۇن» ( گۇمانلارنى
ئايدىڭلاشتۇرۇش ) ناملىق كىتاۋىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، فارابە بۇ
مەزگىلدە ئىلىم ئىزلەش ھەۋىسى يەنە ئىراننىڭ ھەرران شەھىرگە كەلدى .
يەرلىك تىلنى ئۆگۈنىش بىلەن بىرگە پەلسەپە ئوقۇتقۇچىلىقى بىلەن داڭ
چىقارغان يۇھاننا بىننى ھەيلان بىلەن بىللە ئىشلىدى.
«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى»

ئىبىن سىنا (980 - 1037) فارابى دۇنيا قاراشلىرىنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە
پەلسەپە، تىبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە ئۆزگە خاس كاتتا تۆھپىلىرى ساھىبى
بولدى.
ئىبىن سىنا بىر تەرەپتىن، شەرقنىڭ يۇرەك - تومۇر تەلىماتىنى تەتقىق
قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مەشھۇر ئىران ئالىمى ئەبۇلھەسەن تەبۇر (؟ -
923) نىڭ «فىردەۋسول ھىكمەت» ( ھىكمەت باغى)، باغداتلىق مەشھۇر
دوختۇر ئەررازى (850 - 923) نىڭ «كىتابۇل ئەسرار»، «كىتابۇل تىب ئەل
مەنسۇرى»، «ئەل ھاۋىي» ناملىق ئەسەرلىرى بىلەن ئىبىن ئابباسنىڭ
«كاملۇل سىنا ئەل تىببىيە»( تىبابەتچىلىك تولۇق دەستۇرى ) قاتارلىق
ئەسەرلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.
ئىبىن سىنا يېپەك يولى تىبابەتچىلىكىنىڭ يۇكسەك چوققىسىنى تىكلىدى.
ئۇنىڭ «ئەششىفا»، «دانىشنامە»، «ئەلقانۇن فىت تىب»، «تىببىي
داستان» قاتارلىق ئاجايىپ ئەسەرلىرى خۇددى نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇن
يۇلتۇز بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىر قانچە ئەسىرگىچە شەرق ۋە

غەربتە تىبابەتچىلىك قوللانمىسى ۋە دەرسلىكى قىلىندى، «شاھى تىبابەت»دەپ شوھرەتلەندى.
(ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن)

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋە مەدەنىيەت پەھلىۋانى ئەبۇنەسىر فارابى مىلادى 950 - يىلى ماھى رەجەپ (دېكابىر ئېيى)نىڭ بىر كۈنى دەمەشقتىن بەلخكە كېتىۋاتقاندا، دەمەشققە يېقىن بىر جايدا مۇتەئەسسىپ روھانىيلار ۋە ئۇلارنىڭ ھامىيلىرىنىڭ زور مال - دۇنيا ۋەدە قىلىپ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئۆزىنى پايلاپ يۈرگەن قوراللىق باندىتلار تەرىپىدىن ۋاقىتسىز ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.
شۇ كۈنى سەيپۇل دەۋلە رەسمىي ماتەم لىباسى كىيىپ، ئالىمنىڭ جەسىتىنى تېگىشلىك دەبدەبە بىلەن دەپنە قىلدى. فارابىنىڭ قەبرىسى دەمەشق شەھەر سېپىلىنىڭ «بەبەس سەغىر» دەرۋازىسى يېنىدىن ئورۇن ئالدى.

ئەلشىر نەۋائى




شەرق شېئىرىيىتىنىڭ ئاجايىپ جىلۋىدار گۆلتاجى بولغان ، ئىجادى بىلەن جاھانغا تونۇلغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ شانلىق ئىپتىخارى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلشىر نەۋائى 1441-يىلى9-فېۋرالدا ھىراتتا تۇغۇلغان.ۋە يەتتە يېشىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن . ئەلشىر نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە « خەزائىنۇل مەئانى » ناملىق دىۋانى بىلەن « خەمسە » ناملىق داستانلار توپلىمى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ .

.ئەلشىر نەۋائى بىر ئۆمۈر بالا-چاقىسىز ئۆتكەن

بۇنىڭ شەخسى ۋە سىياسى سەۋەپلىرى بار ئىدى.ئۇ 7 ياش چېغىدا شاھرۇھ مىرزا ئۆلۈپ كېتىپ،شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىش جېدىلى كۆتۈرۈلۈپ،كىشىلەر ئامانلىق ئىزدەپ تەرەپ-تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەن

ئىدى.غىياسىدىن(نەۋائىنىڭ ئاتىسى)ئائىلىسىمۇ ئىراقتا كۆچۈپ بېرىپ 3
يىلچە ياشىغان.ئەلشىر نەۋائى 12 ياشقا كىرگەندە ئاتىسى غىياسىدىن(بۇ
چاغدا قايتىپ كېلىپ بىر ۋىلايەتكە ھاكىم بولغان ئىدى) ۋاپات بولۇپ،نەۋائى
ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ قولىدا قالغان.نەۋائى15 يېشىدا ھۆسەيىن بايقارا بىلەن
بىرگە ئوبۇلقاسىم بابۇر ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان.1458-يىلى پايتەخت
سۇلتان ئەبۇ سەئىد تەرىپىدىن ئىگەللەنگەندىن كېيىن ئوبۇلقاسىم بابورنىڭ
ئەرباپلىرى ۋە يېقىنلىرىنىڭ مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان.شۇ قاتاردا
ئەلشىر نەۋائىنىڭمۇ مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ،سوغۇق مۇئامىلىگە
ئۇچراپ سەمەرقەنتكە كېتىشكە مەجبۇر بولغان.دېمەك ئەلشىر نەۋائى
يىگىتلىك چېغىدا سىياسى ۋە ئىقتىسادى جەھەتتىن زىيانكەشلىككە
ئۇچرىغان.ئەلشىر ناۋائى ھىراتتا تۇرغان 18--19 ياش مەزگىللىرىدە دۆلەتمەن
ئائىلىلەردىن بىر كىمنىڭ قىزىغا ئاشىق بولغان ۋە يىگىت -قىز ئوتتۇرىسىدا
ئىشىق مۇھەببەت رىشتى باغلانغان.بۇ ئاشىق-مەشۇق ئارىسىدا خەت ئالاقە
ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كەلگەن.بۇ ھەقتە ئەلشىر نەۋائىنىڭ غەزىلىدە ئېنىق
بايانلار بار.
بىراق ئەلشىر ئىشىق كويىغا كىرگەن ۋاقىتلاردا ئۇ ھىراتتا ئىگە-
چاقىسىز،باش پاناھسىز بولۇپ قالغانىدى.بۇ غۇربەت ئۇنىڭ ئىشىق
ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا چوڭ توسقۇنلۇق قىلدى.باي-باينىڭ
قاياشى بولغان ئۇ زاماندا،نەسەب مەرتىۋە سۈرۈشتۈرىدىغان ئائىلىدە ئۆسكەن
بۇ قىز ناۋائىنىڭ مەشۇقى ۋاپاسىزلىق قىلىپ،ئۆزگە ئوخشاش دۆلەتمەن
ئائىلىگە ياتلىق بولۇشىنى راۋا كۆردۇ.
نەۋائى بىرىنچى قېتىم ۋەدىلەشكەن مەشۇقى ۋاپاسىزلىق قىلغاندىن كېيىن
،ئۆزگە «فەقىرلەر»(نامراتلار)دىن لايىق تاپىدۇ.ئەپسۇسكى نىكاھلىنىشقا
مۇۋەپپەق بولالمايدۇ.بۇ لايىقى تۇيۇقسىز تەگكەن كېسەل بىلەن ۋاپات
بولىدۇ.
دېمەك ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر،بۈيۈك تىل ئۇستىسى ئەلشىر ناۋائىنىڭ
ئۆمرىنى بويتاق ئۆتكۈزۈۋېتىشىنىڭ شەخسى سەۋەپلىرى مۇشۇلار بولسا
كېرەك.
ھاجى ئىمىن تۇرسۇننىڭ«ئەلشىر ناۋائى ھەققىدە» ، تۈركىيە تىل

قورۇمى(ئاكادېمىيىسى)تەييارلىغان «مىزانۇل ئەۋزان» نىڭ كىرىش سۆزىدە ئەلشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكىنى مۇنداق كۆرسەتكەن:

(«دىۋانلار(«خەزائىنۇلمەئانى

غەرەيىبۇسسىغەر» (باللىق غارايىباتلىرى)؛»
نەۋادىرۇششەباب»(يىگىتلىك نادىرلىقلىرى)؛»
بەدائىئۇلۋەسەت»(ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى)؛»
فەۋائىدۇلكىبەر»(قېرىلىق پايدىلىقلىرى)؛»
دىۋان فانى» (پارسچە توپلام) ؛»

خەمسە»(«خەمسە نەۋائى»)؛»
هەيراتۇلئەبرار»؛»
پەرهاد ۋە شىرىن»؛»
لەيلى ۋە مەجنۇن»؛»
سەبئەئي سەييارە»؛»
سەددى ئىسكەندەر»؛»
مەجالىسۇننەفائىس »؛»

نەسائىمۇل مۇهەببەت» (مۇهەببەت خۇشپۇراقلىرى) ؛»
رىسالەئى مۇئەمما» ؛»
مىزانۇلئەۋزان» ؛»
مۇهاكىمەتۇل لۇغەتەيىن»؛

تىل ۋە ئەدەبىياتقا دائىر ئەسەرلەر؛

مۇناجات»؛»
چىهىل هەدىس» (ئەربەئىن)؛»
نەزمۇل جەۋاهىر»؛»

دىنىي،ئەخلاقىي،پەلسەپىۋى ئەسەرلەر؛

لىسانۇتتەيىر»؛»
سىراجۇل مۇسلىمىن»؛»
مەھبۇبۇل قۇلۇب»؛»

تارىخىي ئەسەرلەر؛
تارىخىي ئەنبىيا ۋە ھۆكۈما»؛»
تارىخىي مۇلكى ئەجەم»؛»
زۇبدەتۇل تەۋارىخ»؛»

تەرجىمىھال ئەسەرلىرى
ھالاتى سەئىد ھەسەن ئەردەشىر»؛»
خەمسەتۇلمۇتەيىرىن»؛»
ھالاتى پەھلىۋان مۇھەممەد»؛»
ۋەقفىنامە»؛»
«مۇنشەئات»
بۇلاردىن باشقا، بەزى مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئەلشىر نەۋائى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يەنە ئۆز قەسىدىلىرىنى توپلاپ، «فۇسۇلى ئەربەئە» (تۆت فاسىل) ۋە «لىستەئى زەرۋرىيە» (ئالتە زۆرۈرىيەت) ناملىق ئىككى توپلام تۈزۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇلاردىن باشقا «رىسالەئى مۇفرەدات دەرفاننى مۇئەمما» دېگەن ئەسىرى بولغان. «نەسرۇل لەئالى» نى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئەلشىر نەۋائى قانچە پارچە ئەسەر يازغانلىقى توغرىلىق ئوخشىمىغان قاراش بار. 19-ئەسىردە ياشىغان خوتەنلىك ئالىم مۆجىزى 1854-1855-يىللىرى يازغان كىتابىدا 63پارچە كىتاب يازغان، دېگەن ئۇچۇرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئەلشىر نەۋائى ئۇلۇغ تىل ئۇستىسى ئىدى، چەتئەل ئالىملىرى نەۋائى ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن تىل بىلەن دۇنيادىكى بىر قىسىم داڭلىق ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ

سانىنى سىلىشتۇرۇپ، ئۇلارغا قارىغاندا نەۋائى ئىشلەتكەن سۆزلەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

(ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى)

غازىباي




غازىباي خوتەندە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر تېۋىپ بولۇپ، ئۇنىڭ «غازىباينىڭ ئوت-چۆپ دورىلار قامۇسى » ناملىق مەشھۇر كىتابىنى يازغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بار. دەسلەپكى ئىگە بولغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مىلادى 1200-يىللىرى ھىندىستاندا نەشر قىلىنغان «ھەدىقەتۇل ئەقالىم » (ھەر قايسى ئەللەر تەزكىرىسى ) دېگەن قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەردە مۇنداق

مەزمۇندىكى مۇھىم مەنبەلەر قەيت قىلىنغان : تېرىم (تارىم ) يايلىقىدىكى غازىباي قەدىمكى خوتەن رايونى دائىرىسىدىكى نۇرغۇن دورىلارنى يەكۈنلەپ 312 ماددىلىق دورا قامۇسى يازغان، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يۇنانلىق ئالىم ئەپلاتۇن ئۆز شاگىرتلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن، ئۇلار مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئالتە ئاي تاغ- دەريالارنى كېزىپ غازىبايىنى تاپقان. غازىبايىنىڭ يۇرتىدا ھەر خىل مېۋە- چېۋىلەرنىڭ يەرگە تۆكۈلۈپ ياتقانلىقىنى، بىنەپشە، بادىيان، سانا، يۇمغاقسۈت، ئۇغرى تىكەن، ئاق لەيلى، لالە ئوت، ئاچچىق تاۋۇز ... قاتارلىق نەچچە مىڭ خىل ئوت- چۆپ دورىلارنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ ھەممىلا يېرىنى قاپلىغانلىقىنى كۆرگەن، غازىبايىنىڭ 312 ماددىلىق دورىلار كىتابىنى كۆرۈپ ئاپىرىن ئوقۇغان ھەمدە ئەپلاتۇننىڭ ھەر خىل ئىلىملەر تەھسىل قىلىدىغان ئالىم ئىكەنلىكى، ئەگەر ئەپلاتۇن بۇ ئەسەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىسا، غازىباي ۋە تارىم خەلقىگە ھەر جەھەتتىن زور ياردەملەر بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. غازىباي كۆپ ئويلىنىشلاردىن كېيىن ھەر قايسى ئەللەر ئارىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئىلىم- پەن ئالماشتۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، قىممەتلىك ئەسىرىنى 40 ياشلىق ئوغلى بارىينىڭ قولىغا چىڭ تۇتقۇزۇپ، كەلگەنلەر بىلەن بىللە ئەپلاتۇننىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن.
ئەپلاتۇن بارىينى ئالىي ئېھتىرام بىلەن قىزغىن قارىشى ئالغان، غازىبايىنىڭ ئەسىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن كېچە- كۈندۈز ئوقۇپ چىقىپ، غازىبايىنىڭ تىبىبىي ئىلىمدىكى ماھارىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەن ھەمدە بۇنىڭغا جاۋابەن ئامراق قىزى ئەنفىيالۇسنى بارىيغا نىكاھلاپ بەرگەن. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن بارىي بىلەن ئەنفىيالۇس تارىمغا قايتماقچى بولغاندا، ئەپلاتۇن غازىبايىنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسىگە جاۋابەن ھازىرقى خوتەن رايونىغا قاراشلىق شەھەرلەرنى تېخمۇ ھەيۋەت- گۈزەل قىلىپ قۇرۇشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ھۈنەرۋەنلەرنى قوشۇپ ئەۋەتكەن، بۇ ھۈنەرۋەنلەر بارىينىڭ رەھبەرلىكىدە ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەن دىيارى خەلقى بىلەن بىللە ھازىرقى كىرىيە، خوتەن، قاراقاش، گۇما شەھەرلىرنى تېخمۇ كېڭەيتكەن، بىنالار سالغان. يەرلىك خەلق خاتىرە ئۈچۈن كىرىيەنى سېھراب، خوتەننى زىھراب، قارقاشنى فاراب، گۇمىنى داراب دەپ يۇنانچە ناملار بىلەنمۇ ئاتىغان..

ئەسەرنى ئاز دىگەندىمۇ مىلادىدىن ئىلگىرى 350-يىل بۇرۇن يېزىلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ . چۈنكى نۇرغۇن كىشىلەرگە ئايانكى ئەپلاتۇن مىلادىدىن بۇرۇن 427-يىلى تۇغۇلۇپ 347يىلى ۋاپات بولغان . دۇنيإغا مەشھۇر يۇنان ئالىمى شۈبھىسىزكى , ئەينى ۋاقىتتا ئەپلاتۇن ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى غازىبايىنىڭ دورىلار قامۇسىدىن ناھايىتى زور مەنپەئەتلەرنى ئالغان . مەزكۇر «قامۇس»نىڭ قايسى يېزىقتا يېزىلغانلىقى بىزگە ھازىرچە نامەلوم . لېكىن ، يېزىقشۇناس ئالىملىرىنىڭ دەلىللىرىگە ئاساسلانغاندا , شىنجاڭدا مۇقەددەم زامانلاردىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە جەمئىي 26خىل يېزىق قوللانغانلىقى مەلوم . ئۇيغۇرلار مىلادىدىن بۇرۇن 300-400يىللار ئىلگىرى كارۇشتى ۋە بىراھمى يېزىقلىرىنى قوللانغان، خوتەن ئۇيغۇرلىرى كارۇشتى يېزىقىنى ئىشلەتكەن . «شىنجاڭنىڭ خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيىسىدىكى ئاقسىپىل قەدىمكى شەھەر خارابىسىدا ساقلىنىپ قالغان سىپىل تاملىرىنىڭ كېسەكلىرىدىمۇ ...كارۇشتى ھەرپلىرى تېپىلدى ...ۋە خوتەن رايونىدىن مىلادى 3~4ئەسىردىن بۇرۇنقى تارشا , تېرە ۋە قەغەزگە يېزىلغان ئىجتىمائىي - مەمۇريي ۋەسىقىلەر كۆپ تېپىلدى ...»، «ئاقسىپىل قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان يېزىقلارنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىرلەرگە مەنسۇپ ، كارۇشتى يېزىقى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ماددى پاكىت ... ئەينى زامانلاردا خوتەن رايونىدا كۆپ سانىنى ئىگىللىگەن ۋە ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ كارۇشتى يېزىقىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغانلىقى»نى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . شۇڭا ، مەزكۇر «قامۇس»نىڭ كارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغانلىق ئېھتىمالى چوڭ دەپ قاراشقا بولىدۇ . يۇقىرىقىلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرى 3-4ئەسىرلەردىلا تىببىي ئىلىم جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قازانغانلىقى , يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە يەكۈنلىرىنى ئۇرخۇن - يېنسەي يېزىقى بىلەن مەنبەداش بولغان كاروشتى يېزىقى بىلەن كىتاپ قىلىپ يازغانلىقى , قەدىمكى يۇنان تىبابەت ئالىملىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەنلىكى ۋە شۇلار ئارقىلىق ئەنگۈشتەر قاتاردا پۈتۈن دۇنياغا تارقاپ , ئىنسانىيەتنىڭ تېبابەت ئىلمىگە غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

(داۋايى تور بېتى)

تەجەللى




ئۇيغۇر ئالىمى، شائىرى ھۈسەيىنخان تەجەللى-مۇجەللى ھەزرىتىم مىلادى 1848-يىلى(ھىجرىيىنىڭ 1264-يىلى)قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ زوڭلاڭ يېزىسى ئايباغ كەنتىدە ئىسلام دىنى ئالىمى،ماھىر تىۋىپ قۇتپىدىن شاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ،مىلادىنىڭ 1927-يىلى(ھىجرىيىنىڭ 1345-يىلى)رامىزان ئېيىدا،قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ كاسكا يېزىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. كىچىك ۋاقتىدا ئاتا-ئانىسى بىلەن بىللە مەككىگە بارغان.سەئۇدى ئەرەبىستاندا باشلانغۇچ مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن،ئاتا-ئانىسىغا ئەگىشىپ ھىندىستان دېھلى شەھىرىگە كەلگەن ۋە «دېھلى دارىلئۇلۇم» مەدرىسىدە،ئاندىن ئىراننىڭ «ئىسپاھان دارىلفۇنۇنى»دا،

ئاخىرىدائافغانىستان «كابول دارىلفۇنۇنى»دا ئوقۇپ،ھەر تەرەپلىمە بىلىم
تەھسىل قىلغان.

شائىرنىڭ ئەقلىي،ئىلمىي،ئەدەبى كامالىتى كۆپ تەرەپلىمە،مول
بولغانلىقتىن،ئۆز دەۋرىدىكى ئالىم،ئەدىپلەر ئۇنىڭغا «تەجەللى-
مۇجەللى»تەخەللۇسىنى قويۇشقان..تەجەللى-مۇجەللى- ئەرەپچە سۆز
بولۇپ،تەجەللى-چاقناپ تۇرغان نۇر.مۇجەللى-مۇسابىقە مەيدانىدا بىرىنچىلىكنى
ئالغۇچى دىگەن مەنىدە.

شائىر ئىسلام دىنى ئىلمىنىڭ بارلىق تارماقلىرىدا،دۇنياۋى مۇھىم
پەنلەردىن تىلشۇناسلىق، ئەدەبىيات، تارىخ، لوگىكا، تەبىئەت، ئاسترونومىيە،
خىمىيە، مېدىتسىنا، ماتىماتىكا قاتارلىقلاردا كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق
دەرىجىدە ئالى مەلۇماتقا ئىگە ئىدى.

ئۇيغۇر ئالىمى، شائىر ھۆسەيىنخان تەجەللى-مۇجەللى ھاياتىنىڭ مۇتلەق
كۆپ قىسمى قاغىلىق،يەكەن،گۇما ناھىيىلىرىدە ئۆتكەن.ئۇ ئەدەبىي
ئىجادىيەت ۋە تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى
پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتە روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى.ئۇ، ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىدا سەركەردە بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا ئەرەپ،پارىس
ئەدەبىياتىدىمۇ ئالى ماھارەت ئىگىسىدۇر.

ئۇنىڭ ئىلمى، ئەدەبىي تەلىماتلىرىدىن ئەڭ سۆيۈملۈك شاگىرتى گۇملىق
ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم،شۇنىڭدەك ئالىم، ئەدىپلەردىن ئاتۇشلۇق ئابدۇقادىر
داموللام،شەمسىدىن داموللا ھاجىم،ئۆزبەك زەرىف قارى ھاجىم،قەشقەردىن
ئابدۇكېرىم زىيائى، پوسكامدىن ئىسرافىل داموللام، يەكەندىن سالىھ داموللام،
گۇملىق ئىسمائىل ھاجىم،قاغىلىقتىن مۇتىئۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم، شائىرلاردىن
فۇرقەت قاتارلىقلار ئىلھام ۋە روھىي ئوزۇق ئالغان.ئۇ، ئۆز تىببى ماھارىتى بىلەن
يۈرەك، ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە ئوخشاش خەۋپلىك كېسەللەرنىمۇ داۋالاپ
ساقايتىپ، كۆپ ئۆرنەكلەر ھاسىل قىلىپ، نۇرغۇنلىغان خەلقنى
داۋالىغان؛دورىگەرلىكتىمۇ تەرياق، ھەببى زۇفا، ھەببى جەۋھىرى ئازاراقى
قاتارلىق ياخشى دورىلارنى ياساپ نەتىجە قازانغان.شاگىرت تەربىيىلەپ،ۋارىس
قالدۇرۇپ كەتكەن.ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ھازىرمۇ خەلقىمىزنىڭ سەھىيە
ئىشلىرىغا چوڭ تۆھپە قوشماقتا.مەسىلەن: خوتەن مىللى شىپاخانىدىكى

مۇتەخەسسىس،پىشقەدەم تىۋىپ تۇردى ھاجىم(ئاپتورنىڭ بۇ ئەسىردىن
كېيىن،تۇردى ھاجىم ۋاپات بوپكەتكەن_يوللىغۇچىدىن.) ۋە ۋاپات بولۇپ
كەتكەن تىۋىپلاردىن قاغىلىقتىن يۇسۇپ ئەپەندىم،گۇمىدىن ئىبراھىم ھاجىم
مامۇت ھاجىم، قەشقەردىن مۇسا ئاخۇنۇم قاتارلىقلار ئۇنىڭ تىببى
ماھارىتىدىن تەربىيە ئالغان داڭلىق تىۋىپلاردۇر.

ئۇنىڭ بۇلغارىيە قاتارلىق ئەللەردە نەشىر قىلىنغان « بەرقى تەجەللى،
سەبقى مۇجەللى »، « دىۋان تەجەللى » قاتارلىق كىتابلىرى ۋە تاشكەنتتە «
باياز » لارغا كىرگۈزۈلۈپ، ئەينى يىللاردا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى
جايلىرىدىكى مىللى مەكتەپلەردە ئەدەبىيات دەرسى سۈپىتىدە ئوقۇتۇلغان
شۆھرەتلىك ئەسەرلىرىدىن باشقا، مەرھۇم ئابلىھكىم مەخسۇم ھاجىمنىڭ
مۇبارەك ئىلكىدە بىردىنبىر قول يازمىلار ھالىتىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «
دىۋان ئەرەبى » ( ئەرەبچە شېئىرلار توپلىمى ) « تۆھبەتۇل بەررەيىن » («
ئىككى قۇرۇقلۇققا تۆھپە »)، « مەجمۇئەتۇل قەسائىدە »(« قەسىدىلەر
توپلىمى »)، « سەبدەرنامە » ، (« قەھرىمانغا بېغىشلايمەن »)، « تىلسىم
ئىشىق »، (« ئىشىق مۇھەببەت تىلسىمى ») ۋە قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە
تەپسىرى قاتارلىقلار بار. شائىرنىڭ « تەجەللى » ( چاقناپ تۇرغان نۇر ) ۋە «
مۇجەللى » ( مۇسابىقە مەيدانىدا ئۇتۇپ چىققۇچى ) دېگەن ناملىرى ئۇنىڭ
ئىلمي ۋە ئەدەبي كامالىتىگە مۇناسىپ ھالدا ئالىم، ئەدىبلەر تەرىپىدىن
بېرىلگەن تەخەللۇس ئىدى. بىر قانچە يىلدىن بويان ئالىم ھەققىدە نۇرغۇنلىغان
ماقالىلەر ئېلان قىلىندى ۋە ئۇنىڭ نام-شەرىپى دۇنياۋ مەشھۇر كىشىلەر
قاتارىدا دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ئىسلام دىنى لوغىتىگە كىرگۈزۈلدى.

(قاۋۇل ساۋۇر)

## 苏祇婆 مەشھۇر كۆي ئۇستازى سۇجۇپ

سۇجۇپنىڭ  قاچان تۇغۇلغانلىقى، ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە مۇكەممەل
مەلۇماتنى تاپالمىدىم. خەنزۇچە مەنبەلەردە ئۇنىڭ مىلادى 6-ئەسىردە ئۆتكەن
كۇچالىق ئۇيغۇر مۇزىكا نەزىرىيەچىسى ئىكەنلىكى، مىلادى568-يىلى جۇ
سۇلالىسىنىڭ خانى جۇۋۇدىنىڭ تەكلىپكە بىنائەن تۈرك خاقانى مەلىكىسى

琵) ئاشـنا بىلەن بىرگە مۇزىكانتلارنى باشلاپ،كۇسـەن مۇزىكىلىرى،چارتار
 نى ئېلىپ بارغانلىقى، كۇسـەنلىك مەشـھۇر كۇي ئۇسـتازىنىڭ چارتارنى (琶
يېنىك چېكىپ،يۇقۇرى ماھارەت بىلەن ئورۇندىغان لەرزان كۇسـەن مۇزىكىلىرى
پادىشاھقا بەك ياراپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭغا ئوردىدىن مەنسەپ
بېرىلگەنلىكى،ۋە مۇزىكانت تەربىيىلەشكە مەسئۇل قىلىنغانلىقى،.ئاتىسىدىن
ئۆگەنگەن «بەش تار»«يەتتە ئاۋاز»نەزىرىيىسىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك
رايونلىرىدا كەڭ تۈردە ئومۇملاشتۇرۇپ،جۇڭگو مۇزىكىلىرىغا چوڭ
ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكى.....بايان قىلىنغان.
تۆۋەندە بېرىلگەن سۈرەتتە: سۇجۇپنىڭ«بەش تارا نەزىرىيىسى» دىگەن
كىتاپقا زاكاس قوبۇل قىلىش ھەققىدىكى تور ئېلانىكەن. يوللاپ قويدۇم.
تۆۋەندىكى تام رەسىم _ چارتار بىلەن مۇزىكا ئورۇنلاۋاتقان كۆرۈنۈشكەن.گەرچە
سۇجۇپنىڭ سۈرىتى بولمىسىمۇ،قوشۇمچە قىلىپ يوللاپ قويدۇم.


图书简介

书名：苏祗婆的“五旦”理论 [敦煌资料] / 何昌林

ISBN：

作者：何昌林 著

出版社：兰州 ： 丝绸之路文献叙录 兰州大学出版社

年份：1989

页数和开本： 459页 ； 26cm

丛编项：

题名：

主题：敦煌资料

中图分类号：敦煌资料 如需代寻本书，从页面右侧预定>>

一般附注：

内容简介：



پەر خۇيلان(裴慧琳)



پىر خۇيلان ئوتتۇرا ئەسىر (تاڭ سۇلالىسى دەۋرى) دە ئۆتكەن مەشھۇر
一切经音义») «تىلشۇناس، ئالىم. «بارلىق نوم سۆزلۈكلەرنىڭ شەرھىسى
.نامىلىق مەشھۇر ئەسەرنى يازغان («
پىر خۇيلان مىلادى 736- يىلى قەشقەردە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ،
دەپ 裴 قەشقەردە كۆپ ئەسىر سەلتەنەت سۈرگەن پىر(خەنزۇچە خاتىرلەرگە
.پۈتۈلگەن) فامىلىلىك خان جەمەتىنىڭ ئەۋلادى ئىدى
پىر خۇيلان ياشىغان دەۋردە قەشقەر شەھىرى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي،
ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ھەيۋەتلىك بىلىم
يۇرتلىرى ۋە ئىبادەتخانىلىرى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر ئىدى. بولۇپمۇ شۇ چاغدىكى
بۇددا دىنى گۈللەپ ياشنىشى قەشقەرنى ھەر قايسى ئەللەردىكى مەشھۇر
بۇددا دىنى مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرغان بولۇپ، غەربتىن شەرققە ۋە
شەرقتىن غەربكە توختىماي ئۆتۈپ تۇرىدىغان بۇددا مۇخلىسلىرى قەشقەردىكى
بۇددا مۇتەپەككۇرى ۋە ئۇستازلىرىنى پېشۋا بىلىپ ئۇلاردىن ئىلىم تەھسىل
قىلاتتى. بۇ دەۋردە يەنە سانسىرلىغان بۇددا مۇتەپەككۇرلىرى، ئالىملىرى
يېتىشىپ چىقىپ قەشقەرنىڭ مەدەنىيى ھاياتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرغان،
پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككىمۇ ئۆز تەسىرنى كۆرسەتكەندى.
ئەنە شۇنداق بىر ئەۋزەل شارائىتتا يېتىشىپ چىققان پىر خۇيلان كىچىك
ۋاقتىدىن باشلاپلا قەشقەردىكى ئالي ئىبادەتخانىلاردا زور ئىجتىھات بىلەن
ئىلىم تەھسىل قىلغان. بۇددا دىنىنى تېخىمۇ سېستىمىلىق ئۆگۈنۈش
ئۈچۈن تىل-يېزىق ئۆگۈنۈشكىمۇ ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۆز ئىقتىدارىنى
ھەر تەرەپلىمە ئاشۇرۇشقا تىرىشقان. ئانا تىلىدىن باشقا يەنە
تابخاچ(خەنزۇ)تىلى ۋە سانسكرىتچىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈپ بۇددا
نوملىرىنىڭ ئەڭ قابىل شەرھىلىگۈچىسى، مەشھۇر تىلشۇناس، ئالىم بولۇپ
.يېتىشكەن
پىرخۇيلان مەشھۇر ئەسىرى «بارلىق نوم سۆزلۈكلەرنىڭ شەرھىسى»
نامىلىق 100 تومدىن ئاشىدىغان زور ھەجىملىك ئەسەرنى ئوتتۇرا ئىقلىم
بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولغان چاڭئەندە يازغان. ئالىم بۇ ئەسەرنى 52

يېشىدا (مىلادى 788- يىلى) يېزىشقا كىرىشىپ 74 يېشىدا (801- يىلى) تاماملىغان.
پىرخوْيلان «بارلىق نوم سوْزلوْكلەرىنىڭ شەرھىسى» نامىلىق قاموْسىنىڭ مەزموْنىنى بۇددا دىنىنىڭ ئەڭ كاتتا نومى چوڭ يوللوْقلار مەزھىپىنىڭ (ماھايانا مەزھىپىنىڭ) ئەڭ توْپ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولغان ئەقىل – پاراسەت ئارقىلىق راھەت – پاراغەت دوْنياسىغا يېتىپ بېرىش ھەققىدىكى دىن (mahaprajna paramita sutra) «ماھابخاراژانا پارامىتاسوْترا» دىن باشلاپ، بۇددىزىمنىڭ پاك ئەخلاقى پەزىلىتىنى تەرغىپ قىلىدىغان ۋە بۇددا سوْتراسىدا ئاخىرلاشتۇرغان. بۇ «护命法» دىنىنى جان تىكىپ قوغدىغۇچى ئەسەردە ئىزاھلانغان ۋە شەرھلەنگەن نوملار جەمئىي 5480 جىلد بولۇپ بۇ قاموْس خارەكتىرلىك يىرىك ئەسەرنى بۇددا ئالىملىرى، مۇتەپەككۇرلىرى ۋە تەرجىمشۇناسلىرى قولدىن قولغا ئېلىپ دەرسلىك، لېكسىيە قىلىپ تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرغىچە سانىسىزلىغان كىشلەر ئەرتىۋالاپ قوللانما سوْپىتىدە ئوقوْپ كەلگەن.
پىرخوْيلاننىڭ « بارلىق نوم سوْزلوْكلەرىنىڭ شەرھىسى» نامىلىق ئەسىرىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان كورىيلىكلەر مەخسوْس ئەلچى ئەۋەتىپ كوْچۈرۈۋېلىشنى ئىلتىماس قىلغاندا تاڭ سۇلالىسى هوْكوْمىتى تەرىپىدىن رەت قىلىنغان. سوڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە كورىيلىكلەر يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ قايتا ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋالغاندا سوڭ سۇلالىسى هوْكوْمىتى كوْچۈرۈۋېلىشقا قوْشۇلغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋردە ياپوْنلوْقلار كېلىپ كوْچۈرۈپ كەتكەن.
مىلادى 1737- يىلى چىيەنلوْڭنىڭ 2- يىلى پىرخوْيلاننىڭ بارلىق ئەسەرلىرى بېسىلىپ ئېلان قىلىنغان. 1880- يىلى دۆلەتىمىز مەزكۇر ئەسەرنىڭ ياغاچ ئويما نوْسخىسىنى ياپوْنىيەدىن ئالدۇرۇپ كېلىپ رەسمىي كوْپەيتىپ بېسىپ تارقاتقان. ئۇزۇن ئۆتمەي چاڭئەندە «پېشۋا ئالىم» دېگەن شانۇ-شاۋكەتلىك نامغا ۋە كاتتا هوْرمەتكە سازاۋەر بولغان ۋە «بارلىق نوم سوْزلوْكلەرىنىڭ شەرھىسى» نامىلىق ئەسەرنى يېزىشقا 20 يىل ۋاقىت سەرپ قىلغان.
پىرخوْيلان ۋاپات بولغاندىن كېيىن كىنىدىك قېنى توْكوْلگەن قەشقەرگە دەپنە قىلىنماستىن ئوتتۇرا ئىقلىم توْپرىقىغا دەپنە قىلىنغان.

(ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر)

ئەلائىددىن مۇھەممەت خوتەنى




تىببىي ئۇستاز ئەللامە ئەلائىددىن مۇھەممەد خوتەنىقاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى بۈيۈك تىببىي ئالىملار قاتارىدا بارلىقىنى ئۇيغۇرتىبابىتى ئالىملار قاتارىدا بارلىقىنى ئۇيغۇر تىبابىتىگە ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغابېغىشلىغان بولۇپ , ئۇنىڭ تۇغۇلغان يىلى ھەققىدە رەجەپ يۈسۈپ ئەپەندى ئۆزىنىڭ « ئەلائىددىن مۇھەممەت خوتەنىۋە ئەللامە كەنتى توغرىسىدا » ناملىقماقالىسىدە :«ئەلائىدىن مۇھەممەت خوتەنى مىلادى 1160 - يىلى ھازىرقى خوتەن‌ناھىسىگە قاراشلىق بورزات رايونى (باغچا

يېزا)خەلىچە كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن » دەپ يازسا ، مەرھۇم تىببىي ئالىمى
ئابدۇلھەمىت يۈسۈف ھاجى قاتارلىق بىرتۈركۈملەر ماقالە -ئەسەرلەردە بىردەك
«مىلادى 1150-يىلى تۇغۇلغان» دەپيازغان . ئالىمنىڭ تۇغۇلغان يىلى
ھەققىدە 1150-يىلىنى دەسلەپتەئابدۇلھەمىت يۈسۈف ھاجى مۇناسىۋەتلىك
قەدىمكى ئەسەرلەرنى سېلىشتۇرۇپ ئوتتۇرىغاقويغان . ئۆزىنى ئەلائىددىن
مۇھەممەت خوتەنىنىڭ ئەۋلادلىرى ھېسابلايدىغان بىر قىسىمتىۋىپلارمۇ
مۇشۇ يىلنى نەسەپ تارىخى بويىچە ئوتتۇرىغا قويغان . شۇڭا بىز بۇ
يەردەئابدۇلھەمىت يۈسۈف ھاجىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنىنى ئىشەنچلىك،دەپ
قارايمىز .
ئالىم ئەلائىددىن مۇھەممەت خوتەنى خوجا مۇھەممەت ئىسىملىك بىردىنى
زات ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ , ئاتىسى ئوغلىنى
ئەتراپلىق تەربىيىلەشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەن . ئۇ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا
ئاتىسىنىڭتەربىيىسىدە دىنىي ئىلمىدە خېلىلا نەتىجە قازانغان بولغاچقا ,
ئاتىسى ئۇنىڭ ئىلىمگەبولغان قىزغىنلىقىغا يېتەرلىك شارائىت يارىتىپ
بېرىش مەقسىتىدە ئۇنى ئەينىۋاقىتتىكى داڭلىق ئوقۇتۇش يۇرتى قەشقەر
«ساچىيە مەدرىسى »گە دىنىيئىلىم ۋە تىببىي ئىلىم ئىگىلەپ , ئۆزىنى
ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەۋەتكەن , ئەلائىددىن قەشقەرگە
كەلگەندىن كېيىن ئەرەب , پارس تىللىرىنى تېخىمۇ قېتىرقىنىپئۆگىنىش ,
ئۆزلەشتۈرۈش, مەزكۇر مەدرىسىنىڭ بارلىق ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرى بىلەن
تونۇشۇپچىقىش بىلەن بىرگە , ئاساسلىق زېھنى كۈچىنى تىبابەت ئىلمىنى
ئۆگىنىشكە قاراتقان .بۇ مەدرىستە بۈيۈك ئۇستازلار تىببىي ئىلمىدىن
كۆڭۈل قويۇپ دەرس بەرگەچكە ۋەئەمەلىيەت بىلەن باغلاشقا دىققەت
قىلغاچقا , ئۇ ئۇستازلىرىنىڭ ياردىمىگە قىسقامۇددەت ئىچىدىلا تىببىي
ئىلىمدىن خېلىلا مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە بولغان ۋە ئوقۇشىنىتاماملاپ ,
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى خوتەنگە قايتىپ كەلگەن , ئالىم ئەلائىددىن
خوتەنگەقايتىپ كەلگەندىن كېيىن يۇرت جامائىتى ئىچىدە ئۇنىڭ «ساچىيە
مەدرىسى»نىئەلا نەتىجىدە تاماملاپ ئەللامە دىگەن يۇقىرى ئۇنۋانغا
ئېرىشكەنلىك خەۋىرى ناھايىتىتېزلا تارقالغان . نەتىجىدە ئۇنىڭدىن تىببىي
ئىلىم ئۆگىنىشكە كېلىدىغانلار بىردىنلا كۆپىيىپ , ئۆيى تارچىلىق قىلغان .

ئۇغلىنىڭ مانا شۇنداق خەيرلىك ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىدىن سۆيۈنگەن خوجامۇھەممەت ئۇنى ئاز بىلىمىنى تېخىمۇ كۆپلەپ تارقىتىش پۇرسىتىگە ئېگە قىلىش مەقسىتىدە چوڭ بىر مەدرىس ئېچىپ بەرگەن .
شۇنىڭدىن باشلاپ , ئەللامە ئەلائىددىنىڭ كۆڭلىرى تېخىمۇ ئالدىراشلىشىتا ئۆتۈشكە باشلىغان , بەزى مەلۇمەتلارغا قارغاندا , ئۇنىڭ نامى تارىم ۋادىسىدىن ھالقىپ چەت ئەللەرگىمۇ تارقالغان بولۇپ , يىراق ئەللەردىن ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن , قىسقىچە بىر قانچە يىل ئىچىدە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 3000دىن ئېشىپ كەتكەن .
ئۇ بىرتەرەپتىن شەرئەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولسا , يەنە بىر تەرەپتىن تىببىي ئىلىم تارقىتىش , مەخسۇس تىببىي ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش , ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن تىببى ئالىملارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئىجادىي پايدىلىنىش ئارقىلىق بىر قىسىم مەخسۇس ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان . يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى ئالىمنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردا , ئۇنىڭ تىببىي خادىملارنىڭ قەستەن ياكى سەۋەن سادىر قىلغان خاتالىقلىرىغا شەرئەت ھۆكمى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا بىر قانچە ماددىلىق چارلىرى ھەمدە يالغان تىۋىپلار ۋە باشقىلارنىڭ كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن زىيان يەتكۈزىدىغان جىنايەتلىرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازالار تونۇشتۇرۇلغان . «ئەلفقھۇتىببىيە» (تىبابەت قانۇنلىرى) ناملىق كىتابتا 11-ئەسىردىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ تىبابەت نەزىرىيىلىرى سۆزلەنگەن ھەم ھەرخىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش قائىدە - پىرىنسىپلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى ناۋايىتى يىغىنچاق ۋە مۇكەممەل بايان قىلىنغان . «زۇبدەتىل قاۋانىل ئىلاج» (داۋالاش قائىدىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى) ناملىق كىتابىنىڭ بارلىقىنىڭ ھەققىدىمۇ مەلۇمەتلار بار . يېقىندا مۇھەممەت باقى ئالىم قاتارلىقلار ئالىمنىڭ يوقىرىقى ئىككى پارچە ئەسىرىدىن باشقا «كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش رىتسىپلىرى» «داۋالاش قانۇنلىرىدىن خۇلاسە»
قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى , بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئۆز قولىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى ئاشكارىلىدى . بۇ بىر يېڭى نەتىجە سۈپىدىدە ئۇيغۇر تىبابەت تارىخىدا تېگىشلىك ئورۇن ئىگەللەيدۇ .

ئالىمنىڭ «ئەلغىقھۇ تىبىبىيە » (تىبابەت قانونلىرى)ناملىق ئەسىرىنى
مەرھۇمتۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم مىراس سۈپىدىدە ساقلاپ كەلگەن بولۇپ ,
ئۇنى 1950-يىللىرىئاپچإرىسىدە مەرھۇم تىبىبي ئالىم ئابدۇلھەمىت يۈسۈف
ھاجىغا كۆرسەتكەن . ئۇزاق ئۆتمەي باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»
دەۋرىگە كەلگەندە تۇردىمۇھەممەت ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىدىكى كۆپلىگەن
قىممەتلىك ئەسەرلەر كۆيدۈرۈلگەن , شۇلارقاتاردا«ئەلغىقھۇ تىبىبىيە»مۇ
يوقاپ كەتكەن . بىر قانچە قىتىملىق كۆيدۈرۈشىتىن ساقلىنىپ قالغان
قىسمەن ئەسەرلەرنى بولسا تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇمۋاپات بولۇشىدىن بىر-
ئىككى يىل ئىلگىرى كۈيئوغلى باقى ئالىمغا كۆمۈپ قويغان جايىدىن ئېلىپ
. بەرگەن .ھازىر ئۇنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتىدۇ
ئالىمئەلائىددىن مۇھەممەت خوتەنىنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ھەققىدە
يېزىلغان مۇناسىۋەتلىكماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىدە دىگۈدەك ئۇنىڭ 1222-
يىلى ۋاپات بولغان دىگەنلەر خاتىرلىنىپ كەلگەن . بۇ قاراش مەيلى
ئابدۇلھېمىت يۈسۈف ھاجىنىڭماقالە - ئەسەرلىرىدە بولسۇن ۋە مەيلى
ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «داغ» رومانىدا بولسۇن بىردەك ھۆكۈم سۈرۈۋاتىدۇ .
لېكىن تارىخنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىدىغان بولساق ,ئۇنىڭ ۋاپاتى
. ھەققىدە يىلنامىسىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى تېزلا ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالايمىز
كۆپچىلىككەمەلۇم بولغىنىدەك , كىلاسسىك ئەسەرلەردە ئالىمنىڭ ۋاپاتى
ھەققىدە ئېنىق يىلنامە يوق . پەقەت ئۇنى كۈچلۈكنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكى
سۆزلىنىدۇ . بىز كۈچلۈكنىڭ ھايات خاتىرىسى يېزىلغان ئەسەرلەردە جۈملىدىن
ۋ.ۋ.باتولدىنىڭ «يەتتە سۇ تارىخي ئوچېرىكلىرى» ناملىق كىتابى ۋە ئابلەت
نۇرغۇن ئەپەندىنىڭ «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخي ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا
ئىزدىنىش » ناملىق كىتابلىرىدە بىردەك كۈچلۈكنىڭ مۇڭغۇللار بىلەن
ئۇرۇشتا مەغلۇب بولۇپ قاچقانلىقى , شۇنداقلاپامىردىكى سارقۇم دىگەن جايدا
كاللىسىنىڭ ئېلىنغانلىقى , بۇ ۋاقىتنىڭ 1218 يىللىرىئىكەنلىكى ھەققىدە
قاراشلار نى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز . بولۇپمۇ «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ
ئوچېرىكلىرى» ناملىق كىتابتا بۇ ھەقتە خېلى تەپسىلىمەلۇمەتلار
خاتىرخاتىرلەنگەن , شۇ سەۋەبتىن بىز كۈچلۈكنىڭ ئەللامە
ئەلائىددىنمۇھەممەت خوتەنىنى ئۆلتۈرگەن ۋاقىتنىڭ 1222-يىلى

ئەمەس , بەلكى 1218-يىلىدىن بۇرۇنقى ۋاقىتلارنى كۆزدە تۇتىدۇ دەپ قارايمىز . بۇ ھەقتە ئېنىق بىر يىلنامىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەتراپلىق ئىزدىنىش زۆرۈز ئەلۋەتتە.

(داۋايى تور بېتى)

ئەسلى مەنبە:
بۇ «دىيارىم» تور بېتىدىكى گۈھەل 3.8 نىڭ يازمىسى. رۇخستى ئېلىنىپ بۇ مۇنبەرگە يوللاندى.
[ بۇ يازما تەرپىدىن دە قايتا تەھرىرلەنگەن ]

بۇ يازمىنىڭ يېقىنقى باھالىنىش ئەھۋالى:

.. ئورخۇن تورىغ (Yawuz) ياخشى باھا: 20+ ☐

چوققا

- ئىنكاس
- نەقىل

چوڭ | ئاپتورنىڭكىنى كۆرۈش
چوڭ نورمال كىچىك :كىچىكلىگى

# جامالىدىن ئاق سارايى




جامالىدىن ئاق سارايى ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بارلىقىنى سەرپ قىلغان بۈيۈك ئەللامەلەرنىڭ بىرى بولۇپ , ئۇنىڭ مەشھۇر تىببىي ئەسىرى «ئاقسارايى»بىلەن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك تارىخىدا تېگىشلىك ئورۇن ئالدى .
ئالىمنىڭ قاچان ، قەيەردە تۇغۇلغانلىقى ھەققىدە

دەرىجىسى :
شەرەپلىك ئەزا

•

ئاپتورنىڭ ماتىريالى

• قىسقا ئۇچۇر يوللاش
• دوستلۇققا قوشۇش

UIDنومۇرى: 1785
جەۋھەر يازمىسى: 2
يوللىغان
يازمىسى: 117
شۆھرىتى: 324 نومۇر
پۇلى: 1150 سوم
تۆھپىسى: 0 نومۇر
توردىكى ۋاقتى:
69)سائەت)
تىزىملاتقان
ۋاقتى: -2008-04

تېخى ئىشەنچلىك بىر ماتېرىياللار تېپىلغىنى يوق ,
بەزىلەر ئۇنى «ئىستانبولنىڭ ئاقساراي دىگەن
يېرىدا تۇغۇلغان » دەيدۇ .ئەمما ئىشەنچلىك مەلۇمات
يوق . بەزى ماتېرىياللاردا «بۇ كىشىنىڭ 11-
ئەسىرنىڭ ئاياغلىرىدا تۇغۇلغانلىقى مەلۇم »دەپ
يېزىلغان بولسىمۇ ، ئىشەنچلىك دەلىل
كەلتۈرۈلمىگەن . 1936-يىلى ھىندىستاننىڭ
دىيوبەن شەھرىدە ئېلىپ بېرىلغان ئاسىيا ئۆلىمالىرى
تارىخىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ، جامالىدىن ئاقسارايىنىڭ
چىڭگىزخان ئىستىلا قىلغان بىر ئەلدە تۇغۇلۇپ
ھىندىستانغا قېچىپ كەلگەنلىكى
مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن . چىڭگىزخاننىڭ 1-قېتىم
غەربكە يۈرۈش قىلىشى 13-ئەسىرنىڭ باشلىرى ،
يەنى 1219-يىلى باشلانغان . دىمەك ، ئالىم
جامالىدىن ئاقسارايى بالدۇر دېگەندىمۇ 13-ئەسىرنىڭ
باشلىرى ، يەنى 1220-يىللىرى ئەتراپىدا چىڭگىزخان
ئىستىلا قىلغان ئەلدىن ھىندىستاندىن قېچىپ بارغان
بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن . تىبابەت تارىخى
ھەققىدە تونۇشتۇرۇش خاراكتېرلىك تەتقىقات ئېلىپ
ئۇيغۇر >>:بارغان ئابدۇرېھىم قادىر قۇمۇلى ئەپەندى
>>تىبابىتى قەدىمكى ئەسەرلىرى ۋە تەتقىقاتى
ناملىق ئەسىرىدە ئالىم جامالىدىن ئاقسارايى ھەققىدە
ئالىمنىڭ >> : توختىلىۋېلىپ مۇنۇلارنى يازغان
قەيەردە تۇغۇلغانلىقى ھەققىدە , بەزىلەر بۇ كىشىنى
>>ئىستامبولنىڭ ئاقسارايى دىگەن يېرىدە تۇغۇلغان
دەيدۇ . ئەمما تولۇق دەلىل يوق , چۈنكى ,
ئىستامبولدىن خېلىلا يىراق بولغان ھىندىستانغا
قېچىپ بېرىش ئېھتىمالدىن يىراق . يەنە بەزىلەر ,
غەربىي ئاسىيا , كىچىك ئاسىيا , ئىراق ۋە ئىران

تەرەپلەردە ئاقساراي دىگەن شەھەرلەردە تۇغۇلغان ,
دەيدۇ . گەرچە , بۇ جەھەتتە يەنە بىر قەدەم
ئىلگىرلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش
كېرەك ,دەپ قارىغاندىمۇ , مېنىڭچە , تۆۋەندىكىلەردىن
جامالىدىن ئاقسارايىنى خوتەن قارىقاش ناھىسىدىكى
ئاقساراي يېزىسىدا تۇغۇلغان , دەپ دەسلەپتىكى
خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇ . 1978-يىلى بىز
خوتەنگە ئۇيغۇر تىبابىتى تارىخىنى تەكشۈرگىلى
بارغاندا , پىشقەدەم تېۋىپلار بىزنى مۇنداق يىپ ئۇچى
بىلەن تەمىنلىدى : يەنى , بۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا
خوتەنلىك مەرھۇم ئابدۇللا موللام مەۋلۇۋي , مەرھۇم
ھەسەن داموللام مەۋلۇۋي , مەرھۇم مەتنىياز مەۋلۇۋي
ۋە ئاتۇشلۇق زەينۇل ئابدىن مەۋلۇۋي قاتارلىق ئالىمالار
ھىندىستان لەكنۇ ئۇنىۋېرسىتىتىنىڭ تىببىي
ئىنىستىتوتىغا ئوقۇشقا بارغاندا مۇئەللىم دەرىس
ئۆتىۋاتقان بىر كىتابنى سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا
كۆرسىتىپ تۇرۇپ : ئاراڭلاردا خوتەندىن كەلگەنلەر بارمۇ
؟دەپ سورىغان ھەمدە كىتاب خوتەننىڭ ئاقسارايى
دىگەن جايىدا تۇغۇلۇپ ھىندىستانغا قېچىپ كەلگەن
ئۇيغۇر تىببىي ئالىمى جامالىدىن يازغان
دىگەن كىتاب بولىدۇ دىگەن . بۇ  <<ئاقساراي>>
كىشىلەر ئۆز يۇرتىدىن چىققان بۇ ئالىمدىن ناھايىتى
پەخىرلەنگەن ھەمدە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خوتەنگە قايتىپ
كەلگەندىن كېيىنلا , مەرھۇم پىشقەدەم تىۋىپ ئەھمەد
ھاجى , مەرھۇم ھاجى ئېلخان ھەزرىتىم , داڭلىق
دورىگەر ئىمىننىياز ئاخۇنۇم قاتارلىقلارغا ناھايىتى
ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەرگەن . بۇ دەل , 1936-
يىلى چىقىرىلغان يەكۈن ۋە مەرھۇم ئۇيغۇر تىبابىتى
ئالىمى ئۇستاز ئابدۇلھېمىت يۈسۈف ھاجىنىڭ

شىنجاڭدىن ھىندىستانغا ئوقۇشقا بارغان بىر >>
قىسىم كىشىلەر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق , بۇ
كىشىنىڭ خوتەن قارىقاش ناھىيە ئاقساراي
<< يېزىسىدىن بارغانلىقىنى تەخمىنەن قىلىشقان
. دەپ يازغىنىغا ئوخشاش

ئالىم جامالىدىن ئاقسارايى موڭغۇللارنىڭ زۇلۇمىدىن
قېچىپ ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەنلىكى ئەمەلىيەتكە
ئۇيغۇنراق كېلىدۇ . ئالىم ھىندىستانغا بارغاندىن
كېيىن , ئۇيغۇر تىبابىتى ھەققىدىكى يۇقىرقى
ئەسەرنى يېزىپ، «ئاقسارايى» (كۆزدە تۇتۇلىدۇ - ئا)
ئۆز يۇرتىنى سېغىنىش ۋە ئۆزىنىڭ ئاقسارايلىق
ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن باشقا تىببىي
كىتابلاردىن ئۆزگىچە ھالدا ئۆزكىتابىغا «ئاقسارايى»
دەپ نام قويغان . مەزكۇر ئەسەردە ئۇيغۇر تىبابىتى
نەزىرىيىلىرى، ھەر قايىسى بۆلۈم كېسەللىكلىرى ۋە
ئۇلارنىڭ داۋاسى، يەككە ۋە مۇرەككەپ دورىلار
سۆزلەنگەن بولۇپ ، نەزىرىيە قىسمى ئاساسەن
باشقىلار تەرىپىدىن ئىبنىسىنانىڭ «ئەلقانۇن»نى
كىچىكلىتىپ يازغان «مۇجىزىلقانۇن» (ئەلقانۇندىكى
مۆجىزىلەر) دىگەن ئەسەردىكى خاتا كەتكەن جايلارغا
تۈزۈتۈش كىرگۈزۈپ يورۇتۇپ بېرىلگەن ئىلمى
ئاساسلاردىن تەركىپ تاپقان . شۇڭا، مەزكۇر قىسمى
ئەسلى ئاپتور (ئىبنى سىنانى دىمەكچى ) مۇنداق
دىگەن , ئۇ (موجىزىلقانونىنىڭ ئاپتورىنى دىمەكچى)
مۇنداق دەپتۇ ، مەن مۇنداق قارايمەن، دېگەن
شەكىلدە يېزىلغان .«ئەلقانون» دىكى قىيىن
<<موجىزىلىق قانون>> . مەزمۇنلار يورۇتۇپ بېرىلگەن
دىكى خاتا مەزمونلار تۈزۈتۈلگەن . ھەر قايىسى بۆلۈم
كېسەللىكلىردىن 180خىلى سۆزلەنگەن . يەككە

دورىلاردىن 390 خىلى , مۇرەككەپ دورىلاردىن
144خىلى بايان قىلىنغان بولۇپ , ئۇيغۇر تىبابىتى
قەدىمكى ئەسەرلىرىمىز تېۋىپلىرىمىزلا ئەمەس , بەلكى
چەتئەللەردىمۇ سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى دەپ ئېتىراپ
قىلىنغان ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك , ئالىم جامالىدىن
ئاقسارايىنىڭ «ئاقساراي» ناملىق كىتابىنىڭ ئىلمىي
قىممىتى ناھايىتى زور بولۇپ , ئەرەب يېزىقىدا
پۈتۈلگەن بۇ قىممەتلىك ئەسەر قولدىن قولغا تارقىلىپ
1899-يىلىغا كەلگەندە لەكنۇدا رەسمىي نەشىر
قىلىنىپ , 1929-يىلىغىچە دېھلى ئۇنىۋېرسىتېتى
ئىسلام تىبابىتى ئىنىستىتوتىدا دەرسلىك قىلىپ
ئىشلىتىلگەن . دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم تېۋىپلار ئۆز
قولىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مەزكۇر ئەسەرنىڭ
نۇسخىلىرىدىن پايدىلىنىپ تىبابەت ئەمەلىيىتى
بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ .

ئەسكەرتىش: «دىگىز ئۈنچىلىرى»، «قاراقاشىنى
چۈشىنەيلى» ، «مەشھۇر ئۇيغۇر تىۋىپلىرى» قاتارلىق
كىتابلاردا جامالىدىن ئاقسارايىنىڭ 19-ئەسىرلەردە
ئۆتكەن دەپ يېزىلغان . ئەمما يىتەرلىك دەلىل
ئىسپات كەلتۈرۈلمىگەن . بىراق ئالىمنى 12-
ئەسىرلەردە ئۆتكەن دىگەن قاراشنى ياقلىغۇچىلار
ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىسپاتى ئازراق
بولسىمۇ چىنلىققا ئىگە .

1863-يىلى 6-ئاينىڭ خاسىيەتلىك بىر جۈمە
كۈنىدە لوپ ناھىيىسىگە قاراشلىق تەۋەككۇل
يېزىسىدا ئەخمەت ئاخۇنۇم ئائىلىسىدە بىر بوۋاق
دۇنياغا كۆز ئاچتى. ئۇ_ ئەخمەت ئاخۇنۇمنىڭ ئەللىك
ياشلارغا كىرىپ قالغان ۋاقىتلىرىدا كۆرگەن پەرزەنتى

تۇردى ھاجى ئىدى.ئەخمەت ئاخۇنۇم ئۆز زامانىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن تېۋىپلاردىن بولۇپ ، ئوغلى تۇردىنى تېۋىپ قىلىپ يېتىشتۈرۈش نىيىتىدە دىنىي ئالىم ، تېۋىپ توختى ئاخۇن ھاجىغا شاگىرت قىلىپ ئاپىرىپ بەرگەن .ئەخمەت ئاخۇنۇم ئوغلى تۇردى توققۇز ياشلارغا كىرگەندە قازا قىلغان. تۇردى ئاخۇن ئۇستازى يېنىدا 1894-يىلىغىچە تۇرۇپ ، تىبابەتچىلىك ئىلمىنى ئىرىشىپ ياخشى ئۆگەنگەن . تۇردى ھاجى 40 ياشلارغا كىرگەندە ئۇستازى ھەج قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئېلىپ سەئۇدى ئەرەبىستانغا قاراپ ماڭغان . ئۇلار ھەج سەپىرىدە نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ،تۇردى ئاخۇننىڭ كۆچتۆڭگۈرلىكى ۋە ئەقىل-پاراسىتى بىلەن ھەر بىر خەتەرنىڭ ئالدى ئېلىنغان. ئۇستازى توختى ئاخۇن سەپەردە بىتاپ بولۇپ قالغاندا ، تۇردى ئاخۇن ھاردىم-تالدىم دېمەي ئۇنى 17 كۈن ھاپاش قىلىپ مېڭىپ، ئۇستازىنى كاراچىدا بىر مەزگىل ئارام ئالدۇرۇپ، ۋاپادارلىق كۆرسىتىپ،ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالغان . شۇنداقلا شۇ جايدىكى ھىندىستان پۇقرالىرىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ،ئۇلارنى تالڭ قالدۇرغان،ئۇلارنىڭ كۈچلۈك تەلەپ قىلىشى بىلەن ،ھىندىستاندا بىر مەزگىل تۇرۇپ،تېۋىپلىق قىلغان. يىلىنىڭ باشلىرىدا لوپ ناھىيىسىنىڭ -1900 ساMپۇل يېزىسىدىكى بەگ ، ئۆلىمالار نەۋەككۈلغا كېلىپ ، توختاخۇن تېۋىپتىن تۇردى ھاجىنى سوراپ ، ساMپۇلغا ئېلىپ چىقىپ ئۆي-ماكانلىق قىلىپ ساMپۇلدا تۇرغۇزغان . شۇنىڭ بىلەن تۇردى ھاجى 1956-يىلىغا قەدەر ساMپۇل يېزىسىدا ئۆز ئالدىغا تىبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان .ئۇستازى توختاخۇن تېۋىپ 1915-يىل ئەتراپلىرىدا قازا قىلغان.

1956- يىلى لوپ ناھىيىسىدە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك
بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى قۇرۇلغاندىن
كېيىن،ئۆزىنىڭ دورا - دەرمەكلىرىنى پاي سىلىپ
ئامبۇلاتورىيىگە كىرىپ ئىشلىگەن . ئامبۇلاتورىيە
تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن 1975-يىلىغىچە سامپۇل
يېزىلىق شىپاخانىنىڭ ئۇيغۇر تىبابەت بۆلۈمىدە
ئىشلىگەن . 1975-يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر
تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ كېلىنىپ،
ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ دوختۇرخانىدا
ئىشلىگەن.تۇردى ھاجىنىڭ كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز
قويۇش سەۋىيىسى يۇقىرى بولۇپ ، قويغان دىئاگنوز
ھازىرقى زامان تەكشۈرۈش سايمانلىرىنىڭ نەتىجىسى
بىلەن ئۇدۇل چىقاتتى . ئۇ تومۇر تۇتۇشتا بىمار
تومۇرىنىڭ نورمال ھالەتكە كېلىشىنى تۇراقلاشتۇرۇپ ،
دىلىدىكى ۋەھىمىسىنى كۆتۈرۈۋېتىپ ، ئۇنى غەمدىن
خالاس قىلغاندىن كېيىن ، ئاندىن تومۇر ھەرىكىتىنى
تەكشۈرەتتى . ئۇ ئۇستازىدىن مىراس بولۇپ قالغان
«تەرياق» دىگەن دورىنى كۆپ ياسايتتى ھەم ئۇنى
يېنىدىن ئايرىمايتتى . ئۇ «بۇ دورا 90 نەچچە خىل
كېسەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ »دەيتتى . بۇ دورىنىڭ
ھەرخىل يەللەرنى ھەيدەش خۇسۇسىيىتى بولۇپ ،
شىپالىق ئۈنۈمى ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى يۇقىرى
ئىدى . تۇردى ھاجى ئاساسەن يۈرەك مېڭە-قان تومۇر
كېسەللىكلىرى ، رىماتىزىم ، مۇپاسىل ، نۇقرەس قاتارلىق
كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا مول تەجرىبىلەرگە ئىگە
ئىدى . كېسەل داۋالاشتا چاينى ئاساسىي ئورۇندا
قوياتتى . ئاددى رېتسىپلار ئارقىلىق كېسەل
داۋالايتتى .
1984- يىلى تۇردى ھاجىنىڭ ئىزىنى بېسىپ

كېلىۋاتقان ئوغلى ئابدۇغوپۇر ھاجىم 120ياشتىن ھالقىغان مۇبارەك دادىسى تۇردى ھاجىمنى ئېلىپ مەككە مەدىنەمگە قاراپ يول ئالدى.ئۇلار ھەج تاۋاپ پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەككىدە نەشىر قىلىنغان نوپۇزلۇق گېزىتتە تۇردى ھاجىمنىڭ 120ياشتىن ھالقىغاندىمۇ گۆس-گۆس دەسسەپ ماڭىدىغانلىقى،شۇنچە دىمىق بولغان مۇھىتتىمۇ دىمىنىڭ سىقىلمىغانلىقى مۆجىزە ھېساۋىدا تونۇشتۇرۇلدى......سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھىنى چوڭقۇر ھەسرەتتە قالدۇردى.چۈنكى پادىشاھ ئالىيلىرى گېزىتتىن تۇردى ھاجىم نۇغرىسىدىكى ئاجايىپ خەۋەرنى كۆرۈپ،بۇ مۆھتىرەم ئۆمۈر چولپىنىنى ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىپ ئىسسىق قوللىرىنى سىقالمىغانلىقىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلغانىدى.كېيىنكى كۈنلەردە ئوردا مۆتىۋەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۇردى ھاجىمنىڭ ھەج تاۋاپقا كەلگەنلىكىنى پادىشاھ ئالىيلىرىغا ۋاقتىدا خەۋەر قىلىشمىغانلىقى ئۈچۈن پادىشاھدىن تەنبىھ ئاڭلىغانلىقلىرىنى خوتەندىن ھەج تاۋاپقا بارغانلارغا دەپ بېرىشتى.

تۇردى ھاجى ئۆزىنىڭ 100يىلدىن كۆپرەك ئۆمرىنى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىشلىرىغا بېغىشلاپ ،ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان . ئۇ ئۆزىنىڭ تىبابەتچىلىك ئىلمى ئەمەلىيىتى جەريانىدا ياراتقان مول تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ، ئون نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ «ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى »دىگەن كىتابنى يېزىپ قالدۇرغان.

نام شەرىپى،ياخشى ئەمەللىرى سەئۇدى
ئەرەبىستان پادىشاھىدىن خىلۋەت ماكان تەۋەككۇل
بوستانلىقىدىكى ئاددى كىشىلەرگىچە ئۇلۇغلىنىپ
كەلگەن بۇ مەشھۇر ھەكىم بىر ئەسىردىن ئارتۇق ئۆمۈر
كۆرۈپ1987-يىلى 124يېشىدا بۇ دۇنيا بىلەن
خوشلاشتى.
(«مەتسىپلىم مەتقاسىمنىڭ «تۇردى ھاجى)

## ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا



ئەل فارابىنىڭ شاگىرتى ئىنسىكلوپېدىك ئالىم-ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا مىلادى 980-يىلى بۇرۇنقى سامانىلار سۇلالىسى(مىلاى875-999-يىللىرى)نىڭ پايتەختى بۇخارانىڭ يېنىدىكى بىر قىشلاقتا دۇنياغا كەلگەن.ئۇنىڭ ئاتىسى ئابدۇللا ئەسلى بەلخلىق بولۇپ،بۇخاراغا كېلىپ ياشىغانىدى.ئۇ دۆلەتمەن ۋە مەدەنىيەتلىك كىشى بولۇپ،سامانىلار خانلىقىنىڭ كىچىك ئەمەلدارلىرىدىن ئىدى. مىلادى 999-يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى سامانىلار سۇلالىسىنى ئۆزگە قاراتقاندىن كېيىن،ئىبنى سىنا بۇخارا،ئۇرگەنج قاتارلىق جايلاردا ئۆگىنىش ۋە ئىلمي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.كېيىنچە ئىراندىكى ئىسپاھان،ھەمەدان قاتارلىق جايلاردا تىبابەتچىلىك،فىزىكا،ماتېماتىكا ۋە پەلسەپە بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «ئەلقانۇن»، «كىتابۇلشىفا»(شىپالىق كىتابى)، «دانىشنام»، «رىسالەفى ئەل موسىقى غەيرمۇفى ئەل شىفا» (مۇزىكا توغرىسىدا«شىفا»دا بېرىلگەندىن باشقا رىسالە) قاتارلىق ئەسەرلىرى پۈتۈن شەرق ئەللىرى تىبابەتچىلىكى ۋە مۇزىكىچىلىقىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن،ئىبنى سىنا مىلادى 1037-يىلى ھەمەداندا ۋاپات بولغان.

ئىبنى سىنانىڭ مۇزىكا ساھەسىدىكى تۆھپىسى مۇقاملارنىڭ «ئىسلام شەرق تىپى»،يەنى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تارىخي تىپىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئىبنى سىنانىڭ مۇزىكىغا دائىر مۇلاھىزىلىرى«كىتابۇلشىفا»ئەسىرىگە ئالاھىدە بىر قىسىم كىرگۈزۈلگەن،ئۇنى جۇرجانى پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ،ئۇنىڭ«دانىشنامە»ناملىق ئەسىرىگە

قوشۇپ ئېلان قىلغان.ئىبنى سىنا يەنە مۇزىكا
ھەققىدە«كىتابۇننىجاد»ناملىق ئەسەر يازغان.بۇ
ئەسەر 1931-يىلى ئەرەپ ئالىمى مەھمۇدئەل
خەۋفىنىڭ ئىبنى سىنانىڭ مۇزىكا نەزەرىيىسى
ھەققىدە مەشھۇر كىتابى ئىچىدە نېمىس تىلىدا ئېلان
قىلىنغان.

فارابىنىڭ شاگىرتى،بۇخارادا غەربىي تۈرك
خانلىقىنىڭ تۈرك مەدەنىيىتىدىن بىۋاستە
ئوزۇقلانغان مۇتەپەككۇر ئىبنى سىنا ئۆزىنىڭ يۇقۇرى
ئەسەرلىرىدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئون ئىككى مۆچەل
قارىشى،سۇجۇپ ۋەكىللىكىدىكى ئون ئىككى بۇرچلۇق
مۇقەددەس قارىشىنى ئەنئەنىلىرى ۋە ئىلگىرىكى
شەرق ناخشا-مۇزىكىلىرىدىكى ئون ئىككى
تۈركۈملۈك(مۇقاملىق)كۈي شەكلىنى ئوتتۇرىغا قويغان
ھەمدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۈيشۈناسلىقىدىكى
مۇزىكىلىق ئاكۇستىكا،ئىنتېرۋال،رېتىم مەسىلىلىرى
توغرىسىدا چوڭقۇر چۈشەنچىلەرنى بەرگەن. ئىبنى
سىنا ئوتتۇرىغا قويغان ئون ئىككى كۈي شەكلى
مۇنداق:

1.رەھاۋى 2.ھۈسەينى
3.راست 4.ھىجاز
5.ئابۇچەشمە 6.بۇزرۇك
7.ئىراق 8.ئىسپاھان
9.ناۋا 10.ئۇششاق
11.زەنگۈلە 12.سەلىقە

لېكىن بۇ ناملار ئەينى ۋاقىتتا يۈرۈشلەشكەن كۈيلەر
سېكلىنى ئاڭلاتماستىن،كۈيلەرنىڭ ئاكوستىلىق
ئورۇنلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ سۈپىتىدە
قوللىنىلغان.

ئىبنى سىنانىڭ ئەنە شۇ مۇزىكا نەزەرىيىسى
ئاساسىدا ئەزەربەيجاندا ياشىغان مۇزىكىشۇناس
سەيفىددىن ئابدۇلمۇئمىن ئىبنى يۈسۈف ئەل-
ئۇرماۋى(مىلادى1216-1294-يىللار) «كىتاب ئەل-
ئەدۋار»(دائىرىلەر توغرىسىدا كىتاب)دېگەن ئەسىرىدە
كۈيلەرنىڭ ئون ئىككى «مۇقام»دېگەن ئاتالغۇنى تۇنجى
بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان.
دېمەك،ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئەل فارابىغا
ئوخشاش،ئۇيغۇر«ئون ئىككى مۇقامى» ھەمدە شەرق
خەلقلىرى مۇقاملىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى
تەرەققىياتى ۋە سىستېمىلىشىشى ئۈچۈن ئۆچمەس
تۆھپە قوشقان ئالىمدۇر.
(مۇقام پېشۋالىرى)

## مەۋلانە لۇتفى




نەۋائىنىڭ ئۇستازى، مەشھۇر شائىر، مۇزىكىشۇناس مەۋلانە لۇتفىنىڭ تارىخي شەخسيىتى ھەققىدە ھازىرغىچە ئېنىق مەلۇمات يوق.ئۇنىڭ شاگىرتى ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا،لۇتفى ھېرات يېنىدىكى بىر يېزىدا تۇغۇلۇپ،99يىل ئۆمۈر كۆرۈپ،شۇ جايدا ۋاپات بولغانلىقى مەلۇم.19-ئەسىردە ئۆتكەن تارىخچى ۋە مۇزىكىشۇناس موللا ئىسمە تۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزى ئۆزىنىڭ«تەۋارىخي مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىردە:«بۇ ئەزىز مۇشۇ موغۇلىستاندىن(ئەسلىدە شەرقتە قاراشەھەر،غەربتە ھازىرقى ئۇتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە شەھىرىنىڭ

غەربىي،شىمالىدا بالقاش كۆلى،جەنۇپتا قارا قۇرۇمغىچە بولغان ھەم شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ۋە جەنۇبىي <<موغۇلىستان>>شىنجاڭ قاتارلىق رايونلار تارىختا دەپ ئاتىلىدۇ.)ئىدى. ئۇ ئالىملىقتا ھەزرىتى ئەبۇ نەسىر فارابىدەك،ھېكىملىقتا ھەزرىتى ئىبنى سىنادەك،شائىرلىقتا ھەزرىتى ئەمىرنىزامىدىن ئەلىشىر ناۋائىدەك،نەغمىچىلىكتە قىدىرخاندەك ئىدى.بۇ ئەزىز بىلمەيدىغان ئىلىم يوق ئىدى. زامانىنىڭ ئەڭ كاتتا ئالىمى ئىدى.ئۇنىڭ قولىدا500دىن ئارتۇق ئالىم ۋە قارىي تەربىيىلىنىپ چىقتى. 200چە كىشى مۇزىكا ئىلمىدە كامالەت تېپىپ ماھارەت كۆرسەتتى. ئۇ .20دىن ئارتۇق كىتاپ يازدى»دەپ مەلۇمات بېرىدۇ لۇتفىنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن «گۈل ۋە نەۋرۇز» ناملىق مەشھۇر لىرىك داستانى(1411-يىلى يېزىلغان،120باپ،2400 مىسرا) ۋە 280 غەزەل،ئىككى قەسىدە،ئون سەككىز قىتئەدىن تەركىپ تاپقان«دىۋان لۇغىتى»ناملىق شېئىر توپلىمى بار. يەنە ئۇنىڭ 15-ئەسىردىكى تارىخچى شەرىپىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەر نامە» ناملىق ئەسىرىنى پارسچىدىن تۈركچىگە(ئۇيغۇرچىغا) تەرجىمە قىلغانلىقى مەلۇم. يەكەن ھۆكۈمدارى تاجى مۇھەممەد بەگنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا لۇتفىنىڭ يەنە « مەئىنۇل ھاقايىق» («ھەقىقەتلەر شەرھى») ناملىق يەنە بىر داستانى بولۇپ،1892-يىلى «دەخلۇلجان ئەبىۋا بولجاھان» دېگەن نام بىلەن نەسىرگە ئايلاندۇرۇلۇپ شەرھلەپ چىقىلغان.لېكىن بۇ داستان زامانىمىزغا يېتىپ كېلەلمىگەن. ئۇنىڭ يەنە «لۇتفى تۇيۇقلىرى» ناملىق بىر توپلىمى بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى ھازىر ئىستانبول ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا

............ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم
لۇتفى ھىجرىيە 878-يىلى(مىلادى 1465-يىلى)
99. يېشىدا ۋاپات بولغان
(مۇقام پېشۋالىرى)

## ئابدۇللا داموللام




تېۋىپ - ھۆكىما ئابدۇللا داموللام 1888-يىلى خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېڭىئاۋات يېزا ،ئوتۇن كەنتى مەھەللىسىدە ئۇلتۇرۇشلۇق تېۋىپ <<مىڭ بېشى>>

- ھۆكىما راشىدىن ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . يەتتە يېشىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان . 10 ياشقىچە ئۆزيۇرتىدا ئوقۇپ ساۋادىنى چىقارغان . 1898-يىلى خوتەنگە كېلىپ ، شەھەر مەدرىسىدە ئوقۇغان . <<شېھت باغ >>ئىچىدىكى 1912-يىلى بۇ مەدرىسنى پۈتتۈرۈپ ، قەشقەرگە بېرىپ ، قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان . 1916-يىلى قەشقەرگە خانلىق مەدرىسنى پۈتتۈرۈپ ، چەتئەلگە چىقىپ ، ئىلگىرى - كېيىن راۋۇلپىندى ، كاراچى ، دېھلى ، بومباي قاتارلىق جايلاردا تۇرۇپ دىنىي بىلىم ئالغان . كېيىن بومبايدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان يەركەنلىك باۋۇدۇن باينىڭ تونۇشتۇرىشى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەرئايدا ئوقۇش ياردەم پۇلى ۋە تۇرمۇش ياردەمپۇلى بېرىشى بىلەن ۋەتەنداش ساۋاقدىشى ھەسەن مۆۋلىۋى بىلەن بىرگە بومباينىڭ لاكنو تېبابەت >>دىگەنيېرىدىكى <<لاكنو>> دە ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن <<شۆيۈەنى كېيىن يەنە ۋەتەنداش باھاۋۇدۇن باينىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى ۋە يوللۇقى بىلەن چەت ئەلدىكى 14 يىللىق ئوقۇشىنى تۈگىتىپ نۇرغۇنكىتاپ ، قول يازما ، ئوقۇشلۇق ، دورا دارمانلارنى ئېلىپ ساۋاقدىشى مۆۋلىۋى بىلەن بىرگە ھەجدىن يانغان كارۋانلارغا قوشۇلۇپقايتىپ كېلىپ ، شەھەر ئىچىدىكى مەدرىسگە مۇدەررسلىك قىغاچ <<شېھت باغ>> يەنە بىر تەرەپتىن تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ئىز باسارلىرىنى ئوقۇتۇپتەربىيلەش ئىشلىرىنى قىلغان . ساۋاقدىشى ھەسەنمۆۋلىۋىمۇ باشقا مەكتەپتىمۇ دەرسلىك قىلغاچ تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان . 1956-يىلىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ،

خوتەن ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت بىرلەشمە
ئامبۇلاتورىيىدە كېسەل كۆرگەچ تېبابەتچىلىك ئىز
باسارلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش بىلەن
شۇغۇللانغان . ئابدۇللا داموللام تېبابەتچىلىك ئىلمى
بويىچە ئەينى چاغدا چەت ئەلگە چىقىپ ئالىي
مەكتەپنىڭ مەخسۇس ، تەربىيىسىنى ئالغان
ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ
پېشىۋالىرىدىن بىرى (يەنە باشقا ئىككى نەپىردىن
بىرىنجىسى ھەسەن مۆۋلىۋى ، ئىككىنجىسى
ئابدۇكېرىم ھاجىم)بولۇپ ، مەخسۇس ئوقۇپ
سىستېمىلىق ئالىي مەكتەپ تەربىيىسىنى كۆرگەن .
ئەرەب ، پارس ، ئوردو ، ھىندى ، تۈرك تىللىرىنى
پىششىق ئىگەللىگەن بىلىملىك يېتىلگەن
ھۆكىمابولۇپ ئەرەب ، پارىس ، ئوردو تىللىرىدىكى مىزان
تىپ ، تېببى ئەكبەر قاتارلىق نۇرغۇن كىتابلارنى
تەرجىمە قىلىپ ، دەرس ئۆتۈپ ، ئېلى ھاجىم ،
ئابدۇۋايىت ھاجىم ، ئابدۇكېرىم ھاجىم ، مەتتۇرسۇن
ھاجىم ، ھېبىبۇللا ھاجىم ، مەتتوختى ھاجىم ،تۇرسۇن
خەلىپەم قاتارلىق تېبابەتچىلىك
مۇتەخەسسىسلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان . ئابدۇللا
داموللام ئەل ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ ھۆرمەت كۆرگەن .
، <<داموللا>>قەشقەردە ئوقۇغىنى ئۈچۈن ،
دەپ <<مەۋلىۋى>>ھىندىستاندا ئوقۇغىنى ئۈچۈن
ئاتالغان بولۇپ ، ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك
دوختۇرخانىسىنىڭ ئەڭ چوڭ تېبابەت
پېشىۋاسى ئىدى . ئابدۇللا داموللام تەربىيىلەپ چىققان
يۇقىرى تېبابەتچىلىك مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ كۆپى
ھازىر ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ
كۆپچىلىكى مۇدىر ۋىراچ بولۇپ ، ئۇيغۇر تېبابىتى ئۈچۈن

ناھايىتى كۆپ تۆھپە قوشقان تۆھپىكارلاردۇر.
ئابدۇللا داموللام 1975-يىلى 9-ئايدا 86 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن . ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندە ، سەھىيە نازارىتى ئالاھىدە تەزىيە تېلىگراممىسى يوللاپ ، ئائىلىسىدىن ھال سوراش بىلەن بىرگە ، بۇ تېبابەت مۇتەخەسسىسىنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرگەن.
(ئۇستۇنئاتۇش مائارىپ تورى)
[ بۇ يازما تەرىپىدىن دە قايتا تەھرىرلەنگەن ]

uyghurqizi

چوققا
- ئىنكاس
- نەقىل

يوللانغان ۋاقتى: 45كۈن بۇرۇن قەۋەت-2
چوڭ | ئاپتورنىڭكىنى كۆرۈش
چوڭ نورمال كىچىك :كىچىكلىگى

ئابدۇقادىر داموللا




دەرىجىسى:
شەرەپلىك ئەزا

•

ئاپتورنىڭ
ماتىريالى

قىسقا ئۇچۇر
يوللاش
دوستلۇققا
قوشۇش

UIDنومۇرى: 17
85
جەۋھەر
يازمىسى: 2
يوللىغان
يازمىسى: 117
شۆھرىتى: 324
نومۇر
پۇلى: 1150 سوم
تۆھپىسى: 0




ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر، مۇتەپەككۇر
ئالىم، پەيلاسوپ، شائىر، ئىسلاھاتقا يول باشلىغۇچى
ئۇستاز سەركەردە ئابدۇقادىر داموللا بىننىي ئابدۇۋارىس
قەشقەرىي ئارتىش(ئاتۇش) مەشھەد يېزىسىدا
ھىجرىيە 1279(مىلادىيە1862-يىلى)-يىلى
ئابدۇۋارىس ئىسىملىك دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا
كەلگەن.مەرھۇمنىڭ باللىق چاغلىرى ئۆز يېزىسىدا
ئۆتكەن.ئىپتىدائىي ئوقۇشنى ئۆز يېرىدە ئوقۇپ
تۈگەتكەندىن كېيىن،ئون بەش يېشىدا قەشقەرگە
كېلىپ،شەيخۇل ئۆلىما موللا ئىسلام داموللامدا ئوتتۇرا ۋە
ئالىي ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن،بۇخاراغا

نومۇر
توردىكى ۋاقتى:
(69)سائەت
تىزىملاتقان ۋاقتى: 2008-04-12
ئاخىرقى كىرگەن ۋاقتى: 2009-03-11

بىرىپ،ئىلمى ئەرەبىيە ۋە ئەدەپ پارسىيەدە ئالىي
دەرىجىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ،ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ
يېتىشكەن.ئاندىن قەشقەرگە قايتىپ مۇدەررەسلىك
قىلغان.بۇ مەزگىلدە داموللام مەدرىسلەردىكى ئۇسۇلى
تەلىمدە ئىسلاھات يۈرگۈزۈش،خەلققە مەرىپەت بېرىشنى
پائال تەشەببۇس قىلغانلىقتىن،بەزەن ئىشان ۋە
ئۇسۇلى جەدىت هارام،ئۇنى ئوقۇغۇچى >>موللىلار
دىگەن پىتنىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ،داموللامغا <<دەھرىي
قارشى تۇرۇپ، سۇيىقەست قىلماقچى بولغان.بۇنداق
ئەھۋال ئاستىدا داموللام ھىجرەت قىلىپ،بۇخارا،تاشكەنت
تەرەپكە كەتكەن.ئۇ يەردىكى ئۆلىما-ئەشرەپلەر،داموللا-
مۇدەررىسلەر ئابدۇقادىر داموللامغا كاتتا ئېتىبار
كۆرسىتىپ،ئۆلىما-ئالىملار قاتارىدىن ئورۇن بەرگەن ۋە
ئىززەت-ھۆرمەت كۆرسەتكەن.داموللامنىڭ بۇ سەپىرى
مۇۋەپپىقىيەتلىك بولۇپ، «ئەقايىدى زەرۇرىيە» («زۆرۈر
ئەقىدىلەر»)،«ئىبادەتۇل_ئىسلامىيە» («ئىسلام
ئىبادەتلىرى»)، «ئىلمى تەجۋىد»(«قىرائەت ئىلمى»)،
«سەرف،نەھۋى»(«مورفولگىيە،سىنتاكسىس») ،
«مىفتاھۇل_ئەدەپ»(«ئەدەبىيات ئاچقۇچى»)،
«تەئلىمى سەبىيان» («گۆدەكلەرگە تەلىم» ،
«نەسايىھۇل_ئەتفال»( «ياش-ئۆسمۈرلەرگە
نەسىھەت»)، «ئىلمى ھېساپ» ، «مۇتالىئە
ھىدايەت»قاتارلىق كىتاپلارنى يېزىپ،تاشكەنت قازان
.مەتبەئەلىرىدە باستۇرۇپ تارقاتقان
داموللامنىڭ ئەرەپ تىلىدا يازغان «جاۋاھىرول-
ئىيقان»(«يېقىنلىق جەۋھەرلىرى») دېگەن مەشھۇر
شېئىرىي ئەسىرى مىسىر ئەزھەر دارىلفۇنۇنى
.كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا
داموللام ھىجرىيە 1343-يىلى ماھى مۇھەررەمنىڭ

(مىلادىيە1924-يىلى8-ئاي)14-كۈنى مۇناپىقلارنىڭ
سۈيىقەستى بىلەن پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلدى.
( ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە قىسسە)

ئۆمەرجان يۈسۈپ




ئۆمەرجان يۈسۈپ ئەينى يىللاردا غۇلجا شەھرىدە ئۆتكەن مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ بىرى ، شۇنداقلا ھۆرمەتكە سازاۋەر جامائەت ئەربابى.ئۇ 1893-يىلى غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان.ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن يېڭىچە مەكتەپلەردە ئوقۇپ بىلىم ئالغان. كېيىنچە سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1928-يىلى توغرا

كۆۋرۈكتىن ئۈچ دەرۋازىغا كۆچۈپ چىققان. شۇندىن
ئاتىلار <<ئۈمىد مەكتەپ >>ئېتىبارەن
كومىتېتىنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىسى بولغان ۋە
مەكتەپنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىغان.1929-
يىلى ئۆز ئىقتىسادى بىلەن ھازىرقى 2-باشلانغۇچ
مەكتەپنىڭ ئورنىغا تۆت سىنىپ سېلىپ ئۈچ دەرۋازا
مەكتەپنىڭ شۆبە مەكتىپى قىلىپ قۇرۇپ بەرگەن.
ئەينى يىللاردا قۇدۇق قېزىش، كۆۋرۈك ياساش، تاشيول
ياساش قاتارلىق جەمىيەت پاراۋانلىقىغا دائىر ئىشلارنى
تەشكىللەش، ياردەم بېرىش خىزمەتلىرىنى بىجانىدىل
ئىشلەپ ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان . ئۇ يەنە
ئۇ- قا -ق (ئۇيغۇر ،قازاق ،قىرغىز) كۇلۇبىنىڭ قۇرۇلۇشىغا
ئىقتىسادى جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى
. تۇرمۇشىنىڭ يۈكسىلىشىگە كۈچ چىقارغان
يىلى دادامتۇدىكى 50 مولۇق باغ يېرىنى -1949
جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىنىڭ ئۆسمۈر
جىنايەتچىلەرنى تەربىيەلەش لاگېرى قىلىشىغا ھەقسىز
. ئۆتۈنۈپ بەرگەن
ئۇ 1959-يىلى غۇلجا شەھەرلىك سىياسى
مەسلىھەت كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ،
ئوبلاستلىق، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى مەسلىھەت
كېڭەشلىرىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى
ئۆتىگەن. 1967 -يىلى ۋاپات بولغان.

ئېلىخان ھەزرىتىم




ئېلىخان ھەزرىتىم مۇدىر ۋىراچ . 1887-يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ يورۇڭقاش بازىرىدا تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . 1897-يىلىدىن 1912-يىلىغىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان ، چوڭ بولغاندىن كېيىن ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ ، دادىسى سېيىت ئەخمەتخانغا شاگىرت بولۇپ ،تېبابەتچىلىك بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن ۋە تېبابەتچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان . بۇ مەزگىلدە خاسلا ئۇيغۇر تىلى -يېزىقى بىلەن بولۇشىنىڭ چەكلىك  بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ ، ئوردو ، پارس ، ئەرەب ، تۈرك تىللىرىنى ۋە يېزىقلىرىنى

ئۆگەنگەن . كېيىن پاكىستانغا بېرىپ 1942-يىلىغىچە
موللا ئابدۇلھەي ساھابىدىن مەخسۇس تېبابەتچىلىك
ئىلمىنى ئۆگىنىپ ۋە قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ ،
ئۆزىنىڭ تېبابەتچىلىك جەھەتتىكى نەزىرىيىۋى بىلىم ۋە
ئەمەلىي داۋالاش تېخنىكىسىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن .
1942-يىلى پاكىستاندىن قايتىپ كېلىپ ، 1958-
يىلىغىچە ئۆز ئالدىغا داۋالاش ، ئىز باسار يېتىشتۈرۈش
ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان . نۇرغۇن ۋاقتىنى چىقىرىپ
كىشىلەرنىڭ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ كېسەل داۋالاپ ،
خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە ، پارتىيە ۋە خەلق
ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەن .
1954-يىلى خوتەن ۋىلايىتىدە ئېچىلغان ئۇيغۇر
تېبابەت خادىملىرىنىڭ غەرب تېبابەتچىلىكىنى
ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىپ ، غەربچە داۋالاش
. ئىلمىنىمۇ مەخسۇس ئۆگەنگەن
سوتسىيالىستىك ئۆزگىرىش داۋامىدا ، 1956-
ئېلىخان ھەزرىتىم لوپ ناھىيىسىنىڭ يورۇڭقاش
بازىرىدىكى يەككە تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان تۆت
نەپەر كىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ ئۇيغۇر تېبابەت
بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى قۇرۇپ ، نۇرغۇن كېسەللەرنى
قوبۇل قىلىپ ، ياتاقتا ياتقۇزۇپ داۋالاپ ، پارتىيە ،
ھۆكۈمەتنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا
ئېرىشكەن . ئېلىخان ھەزرىتىم 2 يىل مۇشۇ
شىپاخانىنىڭ مەسئۇلى ۋە باش تېۋىپى بولۇپ
> . ئىشلىگەن
يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسى 1976-
ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىنىڭ باش
تېۋىپى قىلىپ يۆتكىگەن ۋاقىتتا ، تەشكىلنىڭ بۇ
قارارىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ،

شىپاخانىدىكى پىشقەدەم تېۋىپلار بىلەن
ئىتتىپاقلىشىپ ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كەمتەرلىك
بىلەن قوبۇل قىلىپ ، كەسپىي قابىلىيىتىنى تېخىمۇ
ئۆستۈرگەن .
پارتىيە 11-نۆۋەتلىك 3- ئومۇمىي قۇرۇلتاي
يىغىنىدىن كېيىن ئىلگىرى باشقىدىن روھلىنىپ ،
تېخىمۇ تىرىشىپ ياخشى ئىشلىگەن . 1983-يىلى
ئۇيغۇر تېبابەت بويىچە مۇدىر ۋىراچلىق ئۇنۋانى بېرىلگەن .
1983-يىلى مەملىكەت بويىچە ئىلغار تېببىي خادىم
بولۇپ سايلانغان ، سەھىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن
مۇكاپاتلانغان . ئاپتونوم رايون ھەم ۋىلايەتنىڭ ئىلغار
ئىشچىسى بولۇپ باھالىنىپ ، سەككىز قېتىم سىياسىي
جەھەتتە رىغبەتلەندۈرۈشكە ۋە ماددىي جەھەتتىن
مۇكاپاتلىنىشقا ئېرىشكەن . پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ
سەمىمىي غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ ، بېيجىڭ ،شاڭخەي،
تيەنجىن قاتارلىق توققۇز ئۆلكە -شەھەرلەردە ئۆگىنىش ،
ئېكىسكۇرسىيە ھەم تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ
بارغان ھەمدە چوڭ يىغىنلاردا تەجرىبە تونۇشتۇرغان . ،
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سائەت 2-3 كىچە ئۇخلىماي
كىتاب كۆرۈش ، ئىلمىي ئەسەر يېزىش بىلەن
<<ئۇيغۇر تېبابەت ئاناتومىيىسى>> . شۇغۇللانغان
>>ئالدىمىزدىن ئۆتكەن تەكرار كېسەللىك دورىسى
قاتارلىق تىببىي <<تېبابەتچىلىك نەزىرىيىۋى ئاساسىي
ئەسەرلەرنى يازغان.
شىنجاڭ >>يىلى ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى 1981-
دە ، تونۇشتۇرۇلغان<<گېزىتى.
(يولباش تور بېكىتى)

موللا بىلال نازىمى




شائىر بىلال نازىمنىڭ تولۇق ئىسمى ــــــ موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپ، ئۇ تەخمىنەن 1825-يىلى غۇلجا شەھرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە نامرات موزدۇز ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 10~11 ياشلارغا كىرگەندە دادىسىدىن يېتىم قالغان ۋە ئاكىسى جالالىدىنىنىڭ تەربىيىسىدە بولغان ،مەدرىسىدە ئوقۇغان. موللا بىلال قورغاس «ئالتۇنلۇقۇم» يەنى تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى يېنىدىكى «بەيتۇللا» مەدرىسىدە 11 يىل ئوقۇغان. ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن، شەرق ئەدەبىياتى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرىمىز بىلەن پىششىق تونۇشقان، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

خەزىنىسىدىكى ئېسىل ئەسەرلەرنى توپلىغان. ئۇ 20 ياشقا كىرگەندە ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ ،ئاكىسى بىلەن تېخىمۇ ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. شۇنداق بولسىمۇ بىلال نازىم قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىپ، شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللانغان . ئۇنىڭ نامى ئەل ئارىسىدا تاراشقا باشلاپ، كىشىلەر ئۇنى دەپ ھۆرمەتلەشكەن. ئۇ 27 ياشقا <<موللا بىلال>> كىرگەندە ئۆزىنىڭ ھايات، مۇھەببەت، دوستلۇق ھاققىدە يازغان غەزەللىرىنى دىۋان قىلىپ تۈپلەپ،«نازىم » دېگەن تەخەللۇس بىلەن يېشىل تاۋار جىلتىغا ئوراپ سۆيگەن قىزى رەناخان ئاپپاقا تەقدىم قىلغان.

مەرپەتپەرۋەر زات ئابدۇمۇتالى خەلپەم شائىر موللا بىلالغا «تەرجىمەئى بىلال شائىر مەشھۇر»نامى بىلەن تەرجىمھال يېزىپ چىققان. مانا شۇ تەرجىمھالدا «غەزەلىيات» ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن :

«فەقىر ۋە فەقە كۈنلەردە بىر ساھىپجامال مەھۋەش، پەرى پەيكارغا ئاشىق بىقارار، ئىشىق مەجازىغا گىرىپتار بولۇپ، ئىشىق مۇھەببىتى ۋايىناپ، ئىشىق ئوتى دىلىنى بىقارار قىلغانلىقتىن ئېيتقانىكەن.» ئەمما، موللا بىلال بۇ ساھىپجامالنىڭ ۋەسلىگە نائىل بولالمايدۇ. موللا بىلالنى گاداي كۆرگەن قىزنىڭ ئاتا- ئانىسى ئۇنىڭ ئامرىقىنى ، قىز رايىغا باقماي باشقا بىرىگە مەجبۇرىي ياتلىق قىلىۋېتىدۇ. ئىشىق ئوتىدا ھېسابسىز ئازابلىنىپ، ئۆرتىنىپ يانغان موللا بىلال ئامرىقىغا بېغىشلاپ ھەر كۈنى بەيتۇللا مەدرىسىنىڭ پەشتىقىغا چىقىپ نەزم ئوقۇيدۇ.

مۇئەللىپ غەزەللىرىدە ئۆزى ئاشىق بولغان ساھىپجامالنىڭ كىملىكى توغرىسىدا مەلۇمات بەرمىگەن. كېيىنكى مەلۇماتلاردا بۇ قىزنىڭ ئىسمى «

غۇنچەم»، «ھەجەر ئاپپاق»، «جانارخان ئاپپاق»،
«رەناخان ئاپپاق» دېگەن نام بىلەن ھەر خىل ئاتالدى.
تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، بۇ «ھۆسن ئىقلىمىدا
گويا بارچە قىزلار سەرۋەرى» نىڭ ئەسلى ئىسمى
رەناخان ئاپپاق بولۇپ، موللا بىلال يازغان نەزملىرنى
ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتلەپ، تۈپلەپ، بىر يېشىل
.تاۋار جىلتىغا سېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزگە تەقدىم قىلغان
غەزەلىيات» نىڭ بۇ قولىيازمىسىنى ئەينى »
ۋاقىتتىكى مۇدەررىس ئارۇپ داموللامغا ياتلىق قىلىنغان
رەناخان ئاپپاق موللا بىلال بىلەن بولغان ياشلىق
دەۋرىدىكى مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىنىڭ بۈيۈك
نامايەندىسى دەپ بىلىپ قەدىرلەپ ، خاس ساندۇقىدا
ساقلىغان . ئەينى ۋاقىتتا قىزنىڭ ئاتا- ئانىسى بۇ
ئىشنى ئەلدىن پىنھان تۇتقان ، ھەتتا قىزنىڭ
ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان. شۇنداق قىلىپ، بۇ
ئەسەر رەناخان ئاپپاق ئائىلىسىدە 1935- يىلىغىچە
ساقلانغان. رەناخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن قولىيازما
ئۇنىڭ ئوغلى ھاشىر مەخدۇمغا قالغان. 1935- يىلىنىڭ
ئاخىرى ھاشىر مەخدۇم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ،
ھاشىرنىڭ ئوغلى ئابدۇمىجىت قارىيغا قالغان. 1940-
يىلى ئابدۇمىجىت قاري قولىيازمىنى ئېلىپ غۇلجا
دىيارىدىن كەتكەن. موللا بىلالنىڭ قاچان، كىم بىلەن
توي قىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بىراق، شۇنى
جەزىملەشتۈرەلەيمىزكى، ئۇ توي قىلىپ بىر قىز، ئىككى
ئوغۇللۇق بولغان. چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى ئايۇپ، كىچىك
ئوغلىنىڭ ئىسمى قاسىم، قىزىنىڭ ئىسمى ئايشەم
ئىكەن. موللا بىلالنىڭ نەۋرىسى مەھەممەتجان
بىلالنىڭ ئالمۇتىدا چىقىدىغان « كوممۇنىزىم
تۇغى»گېزىتىنىڭ 1975- يىلى 26- ئىيۇندىكى

سانىغا بېسىلغان «بوۋام توغرىسىدا» ناملىق
:ئەسلىمىسىدە مۇنداق دېيىلگەن
چوڭ دادام ئايۇپنىڭ ئائىلىسى، رابىيەم، شەرۋانەم »
ئاتلىق ئوغۇل -قىزلىرى بولغان . چوڭ ئاپىمىز ئايشەمنىڭ
ھۆرنىساخان دېگەن بىرلا قىزى بولغان . بوۋامنىڭ
كىچىك ئوغلى قاسىم مېنىڭ دادام بولۇپ، ئۇنىڭ
ئۆمەرجان، غوجائەخمەت، مەھەممەتجان دېگەن ئوغۇللىرى،
ئۇمگۈلسۇم، تۇراخان دېگەن قىزلىرى بولغان. بىزنىڭ
ئائىلىدىكى مەندىن باشقىلىرى غۇلجا شەھرىدە ۋاپات
«.بولۇشتى
نۆھپىكار ئەرنىڭ كەينىدە مەدەتكار ئايالنىڭ بولۇشى
تەبىئى . بىراق، ھازىرغا قەدەر يېزىلغان مەنبەلەردە موللا
بىلالنىڭ ئانىسى ۋە ئايالىنىڭ ئىسمى پەقەت تىلغا
ئېلىنمىغان. شائىر بىلەن زاماندا ش تەتقىقاتچى ،
ئەدىپلىرىمىز بۇ نۇقتىغا زادىلا كۆڭۈل بۆلمىگەن، بۇ ھال
.كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ
تەتقىقاتچىمىز ساۋۇت موللا ئاۋۇدوفنىڭ موللا بىلال
توغرىلىق يازغان كىتابىدىكى ئىشەنچلىك دەلىللەرگە
قارىغاندا، 1959- يىلى ئالمۇتىنىڭ چېلەك رايونىدا كونا
كىتابلار ۋە قولىيازمىلار تېپىلغان، شۇ قولىيازمىلارنىڭ
بىرىدە بىر ئايەتنىڭ تۆۋىنىگە يېزىلغان مەلۇماتتا، موللا
بىلالنىڭ چوڭ ئوغلى ئايۇپ ئاخۇننىڭ 1860- يىلى
(ھىجرىيە 1277- يىلى )تۇغۇلغانلىقى مەلۇم.
ئېچىنىشلىق ئېغىر تۇرمۇش كەچۇرۇپ، تونۇرلاردا
يېتىشقا مەجبۇر بولغان موللا بىلال تەخمىنەن 1859-
.يىلى 34 يېشىدا توي قىلغان بولۇشى مۇمكىن
بىلال نازىم 1864- يىلى پارتلىغان ئىلى دېھقانلار
قوزغىلىڭىغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغان. شۇ
يىللاردا «نازۇگۇم»، «غازات دەر مۈلكى چىن »،

«چاڭموزا يۈسۈپخان»قاتارلىق نادىر داستانلارنى يېزىپ
كۆچ >>چىققان. 1895- يىلىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق
تە يەتتە سۇ ۋادىسىدىكى ياركەنت دېگەن >>-كۆچ
جايغا كۆچۈپ كەتكەن، شۇ جايدا 1900- يىلى ئالەمدىن
ئۆتكەن.
شائىرنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى توغرىسىدا هازىر ئۈچ
خىل قاراش بار. بەزىلەر 1899- يىلى دېسە، يەنە
بەزىلەر 1902- يىلى دەپ قارىدى. يېقىندا يەنە
1900- يىلى دەپ توغرىلاندى. شائىر بىلەن زامانداش
بولغان تەتقىقاتچى ھەم ئۇنىڭ تۇغقىنى ۋە شاگىرتى
ئابدۇمۇتالى خەلپەم (1867--1960) ۋە بىلالشۇناس
ئالىم ساۋۇت موللا ئاۋۇدوفنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا ،
بىلال نازىم ھىجرىيە ھېسابىغا 1318- يىلى 77
يېشىدا، مىلادىيە ھېسابىغا 1900- يىلى 75 يېشىدا
ياركەنتتە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ قەبرىسى هازىرمۇ شۇ
جايدا ساقلانماقتا.
يىلى موللا بىلالنىڭ قەبرىسى ئالدىغا ئۇنىڭ 1993-
ھەيكىلى ئورنىتىلدى، ھەيكەل ئورنىتىلغان باغچىنىڭ
يېنىدىكى مەكتەپ ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى كوچا ئۇنىڭ
شەرەپلىك نامى بىلەن ئاتالدى. هازىر بۇ يەر ئىلىم-
مەرىپەت ئەھلىنىڭ مەشھۇر زىيارەتگاھى بولۇپ
كەلمەكتە.
(ئابدۇرىشت ھېلىمهاجى)




شائىر مۇھەممەدبىننى ئابدۇللا خاراباتى ( مىلادىيە 1638 - 1730 ) ئاقسۇ ناھىيىسى ، ئېگەرچى يېزىسى چوغتال كەنتىدىن بولۇپ ، يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرى ، خوجىلار زامانىسىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىدا ياشىغان . مۇھەممەدنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى داۋاملىق ئوقۇتۇشقا كۆپ كۈچ چىقارغان . ئۇ ئاقسۇ ، قەشقەر ، بۇخارا قاتارلىق ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك مەكتەپ - مەدرىسلەردە بىلىم تەھسىل قىلىپ ، ئۇيغۇر ، جۇملىدىن شەرق مۇسۇلمان ئەللىرى ئەدەبىياتى ، پەلسەپە ، مەنتىق ، فىقھى قاتارلىق ئىلىملەرنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەن . ئۆز يۇرتىغا كەلگەندىن كېيىن ئىمامىلىق ۋە مۇدەررىسلىك

. بىلەن شۇغۇللانغان
مۇھەممەدنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى
بۇخارادا ئوقۇپ تۇرغان چاغلىرىدا سېزىلىشكە باشلىغان .
ئۇ ، ئۇ يەردە فىقھى ، ئىسلام پەلسەپىسىگە دائىر يىرىك
مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىپ ، مەكتەپداش تالىپلار ۋە
مۇددەرىسلەر ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلغان .
ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، بىر تەرەپتىن
دىنىي ، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن ، يەنە بىر
تەرەپتىن ئىلمىي - ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن
شۇغۇللىنىدۇ . ئۇنىڭدىن ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەت ،
تولغان ئەقىل - پاراسەت يۇرتداشلىرى ئارىسىدا كۆچلۈك
تەسىر قوزغايدۇ . ئىناۋىتى يۇقۇرلاپ ، كىشىلەرگە
چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە ئىخلاس قىلىدىغان مۆتىۋەر زاتقا
ئايلىنىدۇ . دانىشمەن ئالىم سۈپىتىدە ئىززەتلىنىدۇ . ئۇ
>>ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئالىمنى ئالاھىدە ئۇلۇغلاپ
مەقبەرىسى ۋە خانىقاسىنى <<ھاجى خاراباتى
تىكلەيدۇ . ئالىمنىڭ خانىقاسى ئۆلىما - تالىپلار ،
ئىلىمخۇمار كىشىلەر توپلىنىپ مۇنازىرە ، مۇتالىئە ئېلىپ
بارىدىغان ، ئىلمىي ئۇتۇقلىرىنى كۆرەك قىلىدىغان بىر
. ئىلىم دەرگاھىغا ئايلىنىدۇ
تەخەللۇسى بىلەن <<خاراباتى >>مۇھەممەد
ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان . ئۇنىڭ شېئىرلىرى «كۇللىيات
مەسنەۋى خاراباتى»، «مەسنەۋى خاراباتى» نامىدا توپلام
قىلىنغان . ئالدىنقىسى 13 مىڭ مىسرا ھەجمىدە بولۇپ ،
شائىر 88 ياشقا تولغاندا توپلام قىلىنغان . تۆۋەندە بىز «
كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» نىڭ مەزمۇنلىرى بىلەن
: تونۇشۇپ چىقايلى
كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» نىڭ مەزمۇنى»
كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» رېئالىزىملىق ۋە »

خەلقچىللىق روھقا باي ئەسەر ، رېئالىزمچى شائىر
خاراباتى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جاسارەت بىلەن ئۇ
جەمىيەتنىڭ رەزىل قىياپىتىنى تۆۋەندىكى قۇرلاردا
: مۇنداق سۈرەتلەپ بەرگەن

ئەي بۇرادەر بۇ جاھان زىندان ساڭا ،
. بولماغىل زىنھارى شاد خەندان ساڭا
خاھ غەنىيۇ ، خاھگادايۇ شاھ ھەممە ،
. خاھ شەيخۇ ، ئاھ سوفىيۇ ، موللا ھەممە
خاھى قازى ، مۇفتى ، خاھى مۇھتەسىپ ،
. ئىستەمىس ھەرگىز ھالالدىن نەسىپ
بىر - بىرلىرىنى ھەممە قەسىدەدۇر ،
. تىغ زەھەر ئالۇد دەستىدەدۇر
تۈن - كۈن ئوغلى ئاتاغە مۇددەئىي ،
. ھەم قىساس دوختەر ئاتاغە مۇددەئىي
ھېچكىم قورقماس كىشى ھەققىدىن ،
. يادىغا كەلمەيدۇ ھەقنى قەھرىدىن
كىم بىرادەر ھەققىدىن يەردا ئىچەر ،
. ئول كىشىنىڭ كۆڭلىدىن گۆھەر كۆچەر
ھېچكىم يوقدۇركى غەيباتدىن يىراق ،
. ھەم بىراۋ شىركۇ ئاداۋەتتىن يىراق
ھېچكىمدە يوق دۇرۇر بىر پاكى ھەلق ،
. بارچەنى ئالۇدەدۇر ناپاكى ھەلق
ھېچكىمدە يوق دۇرۇر شەرمۇ ھايا ،
. ھېچكىم بولمەس بىر - بىردىن رىزا
ھېچكىمدە يوق دۇرۇر شەرمى ھايا ،
. بىر - بىرلەرىغە قىلۇر جەۋرۇ جاپا
خالى ئەرمەس ھېچكىم ۋەسۋاسىدىن ،
. پاك ئەرمەس كۆولى ھەم ئەنناسىدىن
كىمدۇر بۇ ئالەم ئارا دىۋسىز كىشى ،

. ھەرنە مەشغۇلاتى ئۇل دۇنى ئىشى
بۇ زامان قاچماس ھارامدىن ھېچكىم ،
. ئادىمىغە بۇ دۇرۇر ئەيىب ئەزم

قەشقەر ئۇيغۇر <<مەسنەۋى خاراباتى >>
نەشرىياتى ، 1986 - يىل نەشرى ، ئۇيغۇرچە ، 245 -
( 247 - بەت

خاراباتى رەزىلىككە تولغان جەمىيەت ئۈستىدىن مۇنداق
: يازىدۇ

سېنىڭ ئەمرىڭ قويۇپ بولدۇم تىبەكار،
. تىلىم ئىسيان بولدۇم گۇنەكار
ئەگەرچە مەندە بولسا كوھى ئىسيان ،
. ساڭا بولماس ئېنىڭدىن زەررە نۇقسان
پادىشاھا تۈنۈ كۈن دەرماندەمەن ،
. فىسىق ئېلە ھەم جۇرمىلە ئىسياندەمەن
پادىشاھا مۇشكۈلۈم ئاسان ساڭا ،
. مەندە ئىسيان بولسە نۇقسان ساڭا
قىلماغاچ ئادەمنى شەيتاندىن جۇدا ،
. تۈنۈ كۈن بولمايدۇ ئىسياندىن جۇدا
( دەپ يازىدۇ . ( «مەسنەۋى خاراباتى»دىن

: شائىر ئىلىم - مەرىپەت توغرىسىدا يەنە مۇنداق يازىدۇ

بولمىسا ھەركىمدە ئىلمۇ - مەئرەفەت ،
. قويىسا ھەر سارى قەدەم بولغاي غەلەت
ئېيتاي ئەي تالىپ ساڭا چەندان سۆخەن ،
. مەئرەفەتسىز جىسمىدۇر جانسىز بەدەن

كىمدە بولسا مەئرەفەت ئىنسان تۇرۇر ،
. بارچە مۇشكۇللەر ئاڭا ئاسان تۇرۇر
تاپمىغى ھەركىم ئۇنى ئاسان ئېمەس ،
. ئىچمىسە ھەركىم ئۇنى ئىنسان ئېمەس
ھېچ لەززەت ئىلمدىن خۇشتەر ئېمەس ،
. ئىلمسىزلەرنى خەلق ئارا بىھتەر ئېمەس
ئىلىم بىرلە سەير ئېتەر ئەرشۇ - ئەلا ،
. ھەم فەلەك ھەم يەرۇ ھەم تەھتە سارا
ئەي قاياشىم ، ئىستە ئالىم سۆھبەتىن ،
. جانۇ - كۆڭلۈڭ بىرلە قىلغىل خىزمەتىن
ھەر دىيارنىڭ چاراغى ئالىمى ،
. ھەر قارا تۈننىڭكى ماھى ئالىمى
ھەر دىيارنىڭكى باغى ئالىمى ،
. ھەر دىيارنىڭكى شاھى ئالىمى

كوللىيات مەسنەۋى خاراباتى» نىڭ قولىيازما ۋە تاش »
باسما ھالەتتىكى بىر قانچە نۇسخىسى دەۋرىمىزگىچە
يېتىپ كەلگەن بولۇپ ، بۇلاردىن مىلادىيە 1822 - يىلى
ئاقسۇلۇق كاتىپ موللا مۇھەممەد خوجا بىننى موللا
توختى سوپى ئاخۇن تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ ، ھازىر ئاقسۇ
ئۇنىسۇ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلىنىۋاتقان
قولىيازما نۇسخىسىنى ، مىلادىيە 1909 - يىلى
تاشكەنت ئارىپجانوپ مەتبەسىدە بېسىلىپ ، ھازىر
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان
نۇسخىسىنى يەنە تەخمىنەن مىلادىيە 19 -
ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاشكەنت
مەتبەسىدە بېسىلىپ ، ھازىر مەركىزىي <<غۇلامىيە>>
مىللەتلەر نەشرىياتىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنى
.كۆرسىتىشى مۇمكىن

(ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى)
[ بۇ يازما تەرىپىدىن دە قايتا تەھرىرلەنگەن ]

چوققا
- ئىنكاس
- نەقىل

يوللانغان ۋاقتى: 45كۈن بۇرۇن قەۋەت-3
چوڭ | ئاپتورنىڭكىنى كۆرۈش
چوڭ نورمال كىچىك :كىچىكلىكى

كۇماراجىۋا




uyghurqizi




:دەرىجىسى
شەرەپلىك ئەزا

- ئاپتورنىڭ ماتېريالى

قىسقا ئۇچۇر يوللاش
دوستلۇققا قوشۇش

UIDنومۇرى: 17
85

كۇماراجىۋا مىلادى 344 – يىلى غەربىي يۇرتتىكى
كۇسەن خانلىقىدا دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى كۇماراتان
ھىندىستانلىق بولۇپ، ئەينى چاغدىكى ھىندىستاننىڭ
مۇھىم دۆلەت ئەربابلىرىدىن بىرى ئىدى، ئانىسى جىۋا
بولسا كۇسەن خانى ئاقارى پاكىنىڭ سىڭلىسى ئىدى.
مۇشۇنداق ئەۋزەل ئائىلىۋى مۇھىت ۋە ئۇخشىمىغان
مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا ئۇچرىشىپ توردىغان يىپەك
يولىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولغان كۇسەننىڭ قويۇق
مەدەنىي مۇھىتى ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئەتراپلىق
تەربىيلىنىش ئاساسىغا ئىگە قىلغان. كۇماراجىۋا
توققۇز يىشىدا يەنى مىلادى 353 – يىلى ئانىسى جىۋا
بىلەن شىمالىي ئەنەتكەك (شىمالىي ھىندىستان) كە
ئىلىم تەھسىل قىلىشقا بارغان. بۇ يەردە ئاتاقلىق بۇددا
ئۆلىماسى پانتۇدادۇدىن ھىنايانا بۇددىزمى بويىچە ئۈچ
يىلدىن ئارتۇق سىستېمىلىق تەلىم ئالغان. ئۇ يەنە
ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك بىلىملىرىنىمۇ
ئۆگەنگەن. 13 يىشىدا كۇسەنگە قايتقان ھەم 39
.يىشىغىچە كۇسەندە ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان
كۇماراجىۋا مىلادىيە 401 – يىلىدىن 413 –
يىلىغىچە بولغان 12 يىلدا كېيىنكى چىڭ
سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ياۋ شىڭنىڭ ئالاھىدە
تەكلىپىگە ئاساسەن، چاڭئەندە دۆلەت ئۇستازى بولۇش
سۈپىتى بىلەن بۇددا نوم – ئەھكاملىرىنى تەرجىمە –
تەپسىر قىلىش ۋە شاگىرت تەربىيلەش ئىشلىرى بىلەن
.مەشغۇل بولغان
كۇماراجىۋانىڭ زادى قانچە جىلدلىق بۇددا نوم –
سۇترالىرىنى تەرجىمە قىلغانلىقى ھەققىدە ھەر خىل
قاراشلار بار. زىڭ يۈنىڭ كۆرسىتىشىچە، 32 پارچە،
300 جىلد، فېڭ چاڭفانىڭ كۆرسىتىشىچە 98 پارچە،

جەۋھەر
2 :يازمىسى
يوللىغان
117 :يازمىسى
324 :شۆھرىتى
نومۇر
1150 سوم :پۇلى
0 :تۆھپىسى
نومۇر
توردىكى ۋاقتى:
(69)سائەت
تىزىملاتقان
2008-04-12 :ۋاقتى
ئاخىرقى كىرگەن
2009-03-11 :ۋاقتى

425 جىلدلىق بۇددا نوم – سۇترالىرىنى تەرجىمە قىلغان. 800 دىن كۆپرەك شاگىرت تەربىيىلىگەن. «ھەقىقىي ئالەم»، «كۇماراجىۋا تەلىم بايانلىرى»، «ھەقىقىي ھېكمەتكە يېتىشىش ھەقىقىدىكى سوئاللارغا جاۋاب»، «راھىب خۇي يۈەننىڭ 18 جەھەتلىك سوئالىغا جاۋاب» قاتارلىق ئىجادىي ئەسەرنىمۇ يازغان. كۇماراجىۋانىڭ ئەڭ زور تۆھپىسى يەنىلا تەرجىمە ساھەسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۇ «ۋىمالا كىرتى سۇتراسى»، «سادىدا هاراما پونداىكا سۇتراسى» قاتارلىق تالاي مەشھۇت بۇددا ئەھكاملىرىنى تەرجىمە قىلىش بىلەنلا قالماي، يەنە غەربىي يۇرتنىڭ كۆپلىگەن نادىر تىبابەتچىلىك رىسالىلىرىنىمۇ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان، بۇنىڭدىن كۇماراجىۋانىڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ساھەسىدىنىمۇ خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ساھەگە ئىخلاس قىلىدىغانلىقىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كۇماراجىۋانىڭ ئانىسى جىۋا خانىم يالغۇز بۇددا ئىلىم ساھەسىدىلا ئەمەس، بەلكى شۇ دەۋرنىڭ تىبابەتچىلىك ساھەسىدىمۇ مەشھۇر بولغان تىۋىپ ئىدى، تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، جىۋا خانىم «جىۋا بەش ئەزا كېسەللىكلىرى توغرىسىدا» ناملىق ئەسەرنى يازغانلىقى مەلۇم. بۇ ئەسەر ئىچكى بەش ئەزانىڭ نورمال خىزمىتى ۋە ئۇلارنىڭ نورمالسىزلىقىدىن كېلىپ چىققان ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ داۋاسى، ھەر خىل دورىلارنىڭ نامى قاتارلىقلار تەپسىلىي يېزىلغان. بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك تارىخىدىكى يېزىلغان ۋاقتى بىرقەدەر بۇرۇن، مەزمۇنى خېلى مۇكەممەل بولغان تىبابەتچىلىك رىسالىسى دېيىشكە بولىدۇ.

مىلادىيە 1902 - ۋە 1903 – يىللىرى گېرمانىيە ئېكىسپېدىتسىيىچىلىرىدىن ۋون. لىكوك ۋە ئالبېرت.

گرونېيدىللار تۇرپاندا ئېلىپ بارغان قىدىرىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا «جىۋا بەش ئەزا كېسەللىكلىرى توغرىسىدا» نى قېزىۋالغان. بۇ ئىككى كىتابتىن تۈپلەنگەن قېلىن بىر دەپتەردىن ئىبارەت بولۇپ، دەپتەرنىڭ ئۇلۇك تەرىپى «جىۋا بەش ئەزا كېسەللىكلىرى توغرىسىدا» دېگەن ئەسەر، تەتۈر تەرىپى «تىببىي رېتسېپلار جەۋھىرى» دېگەن ئەسەردىن تەشكىل تاپقان. «جىۋا بەش ئەزا كېسەللىكلىر توغرىسىدا» دېگەن كىتاب كەڭلىكى 13·5 سانتىمېتىر ، ئۇزۇنلۇقى20 سانتىمېتىر چوڭلۇقىدىكى كىتاب بولۇپ، كەمتۈكلىشىپ كەتكەچكە، قانچە بەت كېلىدىغانلىقىنى پەرق ئەتكىلى بولمىغان. ھازىر ئۇ گېرمانىيىدە ساقلانماقتا.

كۇماراجىۋا ئانىسى جىۋا يازغان «جىۋا بەش ئەزا كېسەللىكلىرى توغرىسىدا» ناملىق خاس ئەسەرنى مىلادىيە 383 – يىلى ئەتراپىدا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا كۇماراجىۋا يەنە «جىۋا كاپوستا»، 33 جىلدلىق «غەربىي دىيار تىۋىبلىرى ئېيتىپ بەرگەن مۇھىم رېتسېپلار»، ئۈچ جىلدلىق «غەربىي دىيار ئەۋلىيالىرىنىڭ مۇھىم رېتسېپلىرى»، تۆت جىلدلىق «غەربىي دىياردىكى مەشھۇر تېۋىبلار توپلىغان مۇھىم رېتسېپلار»، تۆت جىلدلىق «بۇتساتىۋا ناگار جۇنانىڭ دورا رېتسېپلىرى»، ئىككى جىلدلىق «بۇتساتىۋا ناگار جۇنانىڭ ئىسرىقلاش ئۇسۇللىرى» ۋە 2600 جىلدلىق «ھەريەرلەردىن توپلانغان رېتسېپلار» قاتارلىق تىبابەت رىساللىرىنى تەرجىمە قىلغان.

بۇلاردىن «جىۋا بەش ئەزا كېسەللىكلىرى توغرىسىدا» ۋە «جىۋا كاپوستا» دېگەن ئەسەرلەر دۇنخۇاڭدىكى مەخپىي نوم – پۈتۈكلەر ساقلانغان غاردايېقىنقى

دۆۋرلەرگىچە ساقلانغان. 19 – ئەسەرنىڭ باشلىرىدا
چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تەرىپىدىن
گېرمانىيىگە ئېلىپ كېتىلگەن. ھازىر گېرمانىيىنىڭ
بۇرس ماگىستىرلار ئىنىستىتۇتى بىلەن لوندوندىكى
ھىندىستانغا ئائىت ماتېرىياللار
.كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا
يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى،
كۇماراجىۋا غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نادىر
تېبابەتچىلىك رىساللىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە
قىلىش ئارقىلىق ئۇنى ئوتتۇرا ئىچكىرى رايونلىرىغا
تونۇشتۇرۇپ، ئوتتۇرا ئىچكىرى رايونلىرىنىڭ تىبابەتچىلىك
ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى
قوشۇش بىلەن بىللە يەنە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى
دەۋرلەردىكى گۈللەنگەن تېبابەتچىلىك تارىخىنى مۇھىم
.تارىخي ۋەسىقىلەر بىلەن تەمىن ئەتتى
(ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر)

سۇلتان سەئىدخان

سۇلتان سەئىدخان مەشھۇر يەركەن
خانلىقىنىڭ(مىلادى 1514-1679-
يىللار)قۇرغۇچىسى،ئاتاقلىق شائىر،ھەربىي ئالىم،داڭلىق
.مۇزىكانت ۋە مۇقامشۇناس
سەئىدخاننىڭ قاچان،قەيەردە تۇغۇلغانلىقى ھەققىدە
ماتېرىياللاردا ھەرخىل مەلۇمات بېرىلگەن.ھاجى
ئەخمەتنىڭ«دېڭىز ئۈنچىلىرى»ناملىق كىتابىدا
سەئىدخان 1495-يىلى تۇغۇلغان دېيىلسە، ئابدۇرېھىم
سابىق تۆزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»

دا مىلادى 1466-يىلى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ
دەسلەپكى مەركىزى ئاقسۇدا تۇغۇلدى،دېيىشىدۇ؛ خەلق
نەشرىياتى نەشىر قىلغان«غەربىي رايون
مەدەنىيىتىدىكى مەشھۇر زاتلار»(خەنزۇچە)دېگەن
كىتاپتا 1485-يىلى تۇغۇلغان دېيىلسە،ۋ.غوپۇر ،
ئە.ھۆسەيىن تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى
تىزىسلىرى»دا 1484-يىلى تۇغۇلغان، دېيىلىدۇ. بىزنىڭچە
1484-يىلى تۇغۇلدى، دېگەن مەلۇمات بىر قەدەر
ئىشەنچلىك، چۈنكى كۆپلىگەن مەنبەلەردە يەركەن
خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان يىلى مىلادى 1514-يىلى بولۇپ،
سۇلتان سەئىدخان 30يېشىدا خانلىق تەختكە
چىققانلىقى،20 يىل خانلىق تەختىدە ھاكىمىيەت
يۈرگۈزۈپ،1533 -يىلى تىبەتنى بويسۇندۇرۇپ يەكەنگە
قايتىش سەپىرىدە ئالى ئېگىزلىكىدە ئىس ئېلىپ
كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى يولدا
ۋاپات بولغانلىقى ئېيتىلىدۇ.
سەئىدخاننىڭ دادىسى سۇلتان ئەھمەتخان نەسەپ
جەھەتتىن چاغاتاي ئەۋلادىدىن مۇسۇلمان ئىدى. ئۇ
ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن مۇغۇلىستان خانى تۇغلۇق
تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى بولۇپ،ئوقۇمۇشلۇق ھەربىي
سەركەردە ئىدى.سەئىدخاننىڭ چوڭ دادىسى
يۇنۇسخان بۈيۈك ئالىم،ئاسترونوم مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ
ياردىمى بىلەن مەشھۇر ئالىم مەۋلانا ئەلى يەزدىگە
شاگىرت بولغان،ئۇنىڭدا 12 يىل ئوقۇپ،ئۆز دەۋرىنىڭ
بۈيۈك ئالىمى بولۇپ يېتىشكەن.سەئىدخاننىڭ دادىسى
ئەھمەتخان يۇنۇسخاندىن بىۋاستە تەربىيە ئالغان ۋە
ئوغلى سەئىدخاننى كىچىك چېغىدىن تارتىپلا ئىلىم-
مەرىپەت سۆيى بىلەن يۇغۇرغان.سەئىدخان يەنە بىر
نەۋرە تۇغقىنى،ھەربىي ئالىم ۋە شائىر ئوبۇلقاسىم بابۇر

بىلەن بىر مەزگىل ھەمسۆھبەت بولۇپ،ئۆز ئانا تىلىدىن
باشقا ئەرەب،پارس تىللىرىنى ناھايىتى پۇختا
ئۆگەنگەن.شۇنىڭ بىلەن ئۇ، 20 ياش ۋاقىتلىرىدىلا ئۆز
دەۋرىنىڭ ئىقتىدارلىق ئالىمى بولۇپ تونۇلغان.
سەئىدخاننىڭ بىۋاستە تەربىيىسى ئاستىدا
يېتىشكەن تارىخشۇناس مىرزا ھەيدەر كوراگان «تارىخى
رەشىدى» (زەيلى) ناملىق ئەسىرىدە سەئىدخاننى
مۇنداق تەرىپلىگەن: «سەئىدخان كۆچلۈك مەرىپەتپەرۋە
مەدەنىيەت ئاشناسى ئىدى... ئۇنىڭ دەۋرىدە
قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت ھاۋاسى نۇرلاندى، سەئىدخان
ئېسىل، نىجاتكار ۋە ئالىيجاناب كىشى ئىدى، تەكەللۇپنى
ياخشى كۆرمەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا، جەسۇرۋە
جەڭگىۋار بولۇپ، سىپاگەرچىلىكتە قوماندان ئىدى.»،
«سەئىدخان خەتتاتلىق، شېئىرىيەت، ھەلچىلىك،
تامغىچىلىق، زەرگەرلىك، نەققاشچىلىق، مىمارچىلىق،
سازچىلىق، ئوق ئۆتمەس تۆمۈر كىيىم ياساش، ئوق،
قىلىچ، نەيزە ياساش، مېتال ئايرىش قاتارلىق ھۈنەر -
سەنئەتلەردە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىقتىدارلىق كاملى ئىدى،
سەنئەتنى قىزغىن سۆيەتتى، ئۇد، ساتار، تەمبۇر، چاھارتار
(تۆت تار) غىجەكلەرنى ياخشى چالاتتى. تۈركچە، پارسچە
بەھۇزۇر شېئىر يازالايتتى. قىسقىسى، ئۇ ھەم ئەلەم،
ھەم قەلەم ساھەسىنىڭ ئىستىداتلىق ماھىرى ئىدى.»
سۇلتان سەئىدخان يۇقىرىقىدەك سۈپەتلىرى بىلەن
ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ناھايىتى تېز شۆھرەت تاپقان ۋە
كۆپ ھىمايىگە ئىگە بولغان. ئۇ «يەكەن خانلىقى» نىڭ
خانى سۈپىتىدە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان
مەزگىللىرىدە ئالدى بىلەن پارچىلىنىپ كەتكەن فېئودال
بۆلۈنمە بەگلىكلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، قەشقەرنى مەركەز
قىلغان «يەكەن خەلقى» دائىرىسىدە (سەئىدخان

دەۋردە شەرقتە قۇمۇلدىن غەربتە بەدەخشانغىچە بولغان
رايونلارنىڭ ھەممىسى «يەكەن خانلىقى» غا قارايتتى)
بىر قەدەر مۇقىم سىياسىي ۋەزىيەت تۇرغۇزغان، ھەرخىل
ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىسلاھاتلىرىنى ئېلىپ
بارغان. بولۇپمۇ ئۇ مەرىپەتنى قىزغىن سۆيگەچكە، ئۆز
دەۋرىنىڭ بىلىم ئەھلىلىرىنى ئالاھىدە ئەتىۋارلىغان،
ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە باشقا پەنلەر بويىچە كۆپلىگەن
شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن
سەئىدخان دەۋردە قەشقەر ۋە يەكەن قايتىدىن
جانلىنىپ، يەنە بىر قېتىم مەدەنىيەت مەركىزىگە
ئايلانغان.
سەئىدخان گەرچە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى توپلاپ،
رەتلەش ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈشتەك دەۋر بۆلگۈچ تارىخىي
ئەھمىيەتلىك خىزمەتكە ئۆزى بىۋاستە ئىشتىراك
قىلىمىغان بولسىمۇ، كۆڭلىگە ئاشۇنداق بىر يۈكسەك
مۇددىئانى پۈكۈپ، بۇ ئىش ئۈچۈن ياخشى شەرت -
شارائىت ھازىرلاشقا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.
ئەينى چاغدا ئۇ قاراخانىيلار دەۋردە قۇرۇلغان مەشھۇر
«ساجىيە مەدرىسى» ۋە يەكەندە قۇرغان «خانلىق
مەدرىسى» لىرى ھەمدە يەكەندىكى ئوردا كۆل بويىغا
قۇرغان «دىۋانخانا» (خانلىق كۈتۈپخانا) شۇ ۋاقىتلاردا
سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن
ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە مەشھۇر بىلىم يۇرتلىرى ۋە
ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى ئىدى، بۇ ئىلىم يۇرتلىرىدا
ئەرەب تىلى، پارس تىلى، ھېساب، تارىخ، مېدىتسىنا،
ئاسترونومىيە، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەر قاتارلىق
ئىلىملاردىن تاشقىرى ئەدەبىيات، مۇسىقى
(مۇزىكاشۇناسلىق) قاتارلىق پەنلەر تەسىس قىلىنغان
بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ھەر قايسى جايلاردىكى مەشھۇر

ئالىملار ئۇيۇشقاندى، سەئىدخان دەۋرىدىكى قەشقەر ۋە
يەكەننىڭ بۇنداق گۈللەنگەن ۋەزىيىتىنى خۇددى
ئەلشىر ناۋائى دەۋرىدىكى ھىراتنىڭ ۋەزىيىتىگە
.ئۇخشىتىش مۇمكىن
سەئىدخان يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك تالانتلىق
شائىر، مەشھۇر مۇسەننى ھەم موغەننى (مۇزىكانت ھەم
مۇقامچى) بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىجادىيەتلىرى
دەۋرىمىزگە تولۇق يېتىپ كېلەلمىگەن، پەقەت «تارىخى
رەشىدى» دە ئۇنىڭ بىر قانچە پارچە شېئىرلىرى ئۆرنەك
قىلىنغان:

قايسى گۈلشەننىڭ يۈزۈڭدەك بىر گۈلى رەناسى بار،
.قايسى گۈلنىڭ بىر مېڭىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار
ھۆر بىرلە جەننەتۇل - مەئۋانى كۆڭلۈم نەيلەسۇن،
.يارنىڭ كۈيىدە يۈزمىڭ جەننە تۇل مەئۋاسى بار
.لەئلىدىن خەتتى بودۇر ھەر ھەم دەم تىرىكلىككە نىشان
.خۇش نىشاندۇركى ئىكى قاشىدىن توغراسى بار
بىر سۈجۈك سۆز بىرلا ئۆلگەن جىسمىم بەردىڭ ھايات،
.لەئى جان بەخشىڭدە گوياكىم مەسىھ ئەنقاسى بار
يۈزى ئۆزرە كاكۇلۇ زولفىن پەرىشان كۆرگىلى،
.ئى سەئىد ئاشۇفتە كۆڭلۈمنىڭ ئەجەب سەۋداسى بار

سەئىدخاننىڭ بۇ شېئىرنى مۇقام ئاھاڭىغا سېلىپ
ئېيتقانلىقى مەلۇم، بۇ يەردە شۇنى ئېيتىش كېرەككى،
سەئىدخان قۇرغان «يەكەن خانلىقى» دەۋرى
«قاراخانيلار خانلىقى» دەۋرىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر
مەدەنىيىتىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق گۈللىنىش
دەۋرى ھېسابلانسىمۇ، لېكىن بۇ دەۋردە تىل جەھەتتە
ئەرەپ ۋە پارسلاشتۇرۇشقا كۆپرەك ئەھمىيەت

بىرلىگەچكە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەنئەنىۋى ساپلىقى كۆرۈنەرلىك بۇزۇلۇشقا ئۇچراپ، شۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىيات ۋە مۇزىكا تىلىدا ئەكس ئەتكەن، بۇنداق ھالەتنى سەئىدخان دەۋرى مەدەنىيەتنىڭ ئەپسۇسلىنارلىق تەرىپى دېيىش مۇمكىن.

(مۇقام پېشۋالىرى)



مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگان




مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگان مىلادىيە 1499-يىلى موغۇلىستان خانلىقىغا تەۋە تاشكەنتتە تۇغۇلغان بولۇپ، قەشقەر ھۆكۈمدارلىرىدىن ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئەۋلادى. 1495-يىلى ئۇنىڭ ئاتىسى مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ پەرمانى بويىچە ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ئۈچۈن، خوتۇنى خۇبنىگار خانىم بىلەن ئۆرەتۆپە (ھازىرقى تاشكەنت شەھرىنىڭ جەنۇبىدا)گە بارغان. 1508-يىلى مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگان شەيبانىخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھىراتتا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگان ئانىسى خۇبنىگار خانىم بىلەن بۇخاراغا

قېچىپ كەلگەن، لېكىن بۇ يەردىمۇ بىخەتەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن بەدەخشاندىكى قەلئەئى زەفەرگە كەتكەن، 1509-يىلى كابۇلغا _ بابۇرنىڭ ھوزۇرىغا بارغان؛ ۋە 1513-يىللىرى ئەنجانغا _ سۇلتان  -1512 سەئىدخاننىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغان، 1514-يىلى سۇلتان سەئىدخان بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتى قەشقەرگە يۈرۈش قىلغان ھەمدە مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى يوقىتىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. شۇنىڭدىن تاكى 1533-يىلى سۇلتان سەئىدخان ۋاپات بولغانغا قەدەر، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي ساھەسىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. سۇلتان سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن بەدەخشانغا كەتكەن، ئۇ ياردىن كابۇلغا_ كامران مىرزىنىڭ سائىيىغا بارغان. ئۇ يەردىن ئەگرەگە _ ھۇمايۇن مىرزىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، كەشمىرگە يۈرۈش قىلىپ، 1541-يىلى كەشمىرنى ئالغان. شۇ ۋاقىتتىن تاكى 1551-يىلىغىچە كەشمىرنى ئىدارە قىلغان ۋە شۇ يىلى تاغلىق قەبىلىدىكىلەر ئاتقان ئوقتا يارىلىنىپ، كەشمىردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

مىرزا ھەيدەر كوراگان كەشمىرنى ئىدارە قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە، يەنى 1547-يىلى يەركەند خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى، سەئىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدخاننىڭ نامىغا ۋە ئۇنىڭ ئەھۋاللىرىغا ئاتاپ پارسچە «تارىخىي رەشىدىي» (ئىككى كىتابقا بۆلۈنگەن، ئاپتور بىرىنچى دەپتەر، ئىككىنچى دەپتەر دەپ ئاتىغان)نى يازغان، بىرىنچى كىتاب «رەسمىي تارىخ» 70 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرخان (1329-1362-يىللىرى)نىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىدىن تارتىپ ئابدۇرەشىدخان (1510-

1559-يىللىرى) دەۋرگىچە بولغان ۋەقەلىكلەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان؛ ئىككىنچى كىتاب «ۋەقەلىكلەر بايانى» (ئاپتور بۇ قىسىمنى «مۇختەسەر» دەپ ئاتىغان) 117 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئاپتور ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنى ئاساس قىلىپ، بوۋىسى يۇنۇسخاننىڭ تەختكە چىقىپ ھاكىمىيەت تۇتقىنىدىن ئۆزىنىڭ كەشمىردە ھاكىمىيەت تۇتقىنىغا قەدەر بولغان تارىخىي، ئىجتىمائىي ئەھۋاللارنى بايان قىلغان.

ئومۇمەن، بۇ كىتابقا 200 يىل ئىچىدىكى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ، ئومۇمەن، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، مەدەنىيىتى، دىن، ئۆرپ-ئادەتلىرى ھەمدە جۇغراپىيىسى قاتارلىق ئەھۋاللىرى؛ شۇنداقلا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئويرات موڭغۇللىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا مىللەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي پائالىيەتلەر سۆزلىنىپ، موڭغۇل خانلىرى ۋە دوغلات جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى ھۆكۈمرانلىق تارىخى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن باشلاپ، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى يولغا قويۇپ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكىلەرنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرغانلىق تارىخمۇ بايان قىلىنغان.

«تارىخىي رەشىدىي» ئوتتۇرا ئاسىيا، بولۇپمۇ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ ئەينى مەزگىلدىكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىۋاستە ماتېرىيال بولالايدۇ. ئۇ شەرق مەملىكەتلىرىدە كەڭ تارقالغان بولۇپ، ھەر خىل قوليازما نۇسخىلىرى ئەتىۋارلىنىپ ساقلانماقتا. خەلقىمىز ئىچىدىمۇ ئۇنىڭ

تۇرلۇك قولىيازمىلىرى ۋە تەرجىمە نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەن. 18-، 19-ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن مۇھەممەد سادىق كەشغەرىي ۋە موللا مۇھەممەدنىياز بىننى ئەبۇلغەفۇرنىڭ تەرجىمىسى، 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كاشغەردە تەرجىمە قىلىنغان، ھازىر تاشكەنتتە ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر نۇسخىسى بىزدە بارلىققا كەلگەن مۇھىم تەرجىمە نۇسخىسىدۇر. 1895-يىلى ئەنگلىيىلىك مەشھۇر تىلشۇناس، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم ئېدۋارد دېنىسون رۇس تەرجىمە قىلغان ئىنگلىزچە نۇسخىسى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، بۇ ئەسەر غەربىي ياۋروپادىكى شەرقشۇناسلار ئارىسىدا زور تەسىر پەيدا قىلغان ھەمدە 1898-يىلى 2-نەشرى نەشر قىلىنغان، 1972-يىلى قايتا بېسىلغان؛ ئەنە شۇ ئىنگلىزچە نۇسخا ئاساسىدا خەنزۇچە نۇسخىسى 1983-يىلى 6-ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىككى توم قىلىپ نەشر قىلىنغان.

تاكسون تەرىپىدىن ئىزاھ، ئىندېكس بېرىلگەن، پارسچە تېكىست بىلەن بىللە ئىشلەنگەن ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى 1996-يىلى ئامېرىكا هارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان؛ 1996-يىلى تاشكەنت «پەن» نەشرىياتى تەرىپىدىن رۇسچە تەرجىمىسى، 2003-يىلى ئالما-ئاتادا قازاقچە تەرجىمىسى، 2004-يىلى تېھراندا پارسچە نۇسخىسى نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ 1895-يىلىدىكى ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ئاساسىدا ئىشلەنگەن تۈركچە تەرجىمىسى تۈركىيە سېلىنگا نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006-يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

تارىخي رەشىدىي»نى نەشرگە تەييارلاشتا موللا «

مۇھەممەدنىياز بىننى ئەبۇلغەفۇر تەرجىمىسىنىڭ
سانت-پېتېبۇرگدا ساقلىنىۋاتقان .0759 نومۇرلۇق
قولىيازمىسىنىڭ مىكرو فوتو نۇسخىسى ئاساس
قىلىندى. موللا مۇھەممەدنىياز بىننى ئەبۇلغەفۇر
تەرجىمىسىنىڭ بۈيۈك برىتانىيە كۇتۇپخانىسىنىڭ
ھىندىستان كىتابلىرى بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان مىس.
تۈركى.1 نومۇرلۇق قولىيازمىسىنىڭ كۆپەيتىلمىسى،
ئامبىردگە ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان
م‌س.290 نومۇرلۇق قولىيازمىسىنىڭ مىكرو فوتو
نۇسخىسى، «تارىخي رەشىدىي»نىڭ موللا مۇھەممەد
سادىق كاشغەريي تەرجىمە قىلغان نۇسخىسىنىڭ
سانت-پېتېربۇرگدا ساقلىنىۋاتقان .569 نومۇرلۇق
قولىيازمىسىنىڭ كۆپەيتىلمىسى، بۈيۈك برىتانىيە
كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان پارسچە قولىيازمىسىنىڭ
كۆپەيتىلمىسى، ئادد.24090 نومۇرلۇق قولىيازمىسىنىڭ
مىكرو فوتو نۇسخىسى قاتارلىق نۇسخىلىرىدىن
پايدىلىنىلدى. ئۇلاردىن باشقا، خەنزۇچە، قازاقچە، پارسچە
ۋە تۈركچە نەشرلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ
ئارىسىدىكى تېكىستولوگىيىلىك پەرقلەر ھاشىيىدە
ئىزاھلاندى. دېمەك، بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە
نۇسخىسى بىرقەدەر مۇكەممەل نەشر قىلىندى.
(«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»)

مىرزا ھەيدەر يەركەندە سەئىدخانغا ئەگىشىپ يۈرگەن
چاغلىرىدا «جاھاننامە» ناملىق بىر داستان يازغان.
بۇ ئەسەر 1528-1533-يىللىرى يېزىلغان. مىرزا ھەيدەر
ئەدەبىي ئىجادىيەتتە «ئاياز شىكەستە» ياكى «ئاياز»
دېگەن سۆزلەرنى تەخەللۇس قىلغان
جاھاننامە» ئاپتورنىڭ تىبەت ۋە بەدەخشان »

سەپەرلىرى جەريانىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن
) .مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان
(ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى
چۈشەندۈرۈش
جاھانىنامە » ئىلگىرى «ئايازبەگ قۇشچى» ياكى »
«ئاياز شىكەستە» دېگەن ئايرىم بىر شائىرنىڭ
ئەسىرى دەپ قارىلىپ كەلگەن. يېقىنقى تەتقىقاتلاردىن،
بۇ ئەسەرنىڭ مىرزا ھەيدەرنىڭ ئىكەنلىكى
ئېنىقلاندى،شۇنداق بولسىمۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ
.تەكشۈرۈشنى چەتكە قاقمايدۇ

ئىسمائىل داموللام



ئىسمائىل داموللام (ئىسمائىل ئابابەكرى،1902-1954)،قەشقەر كونا شەھەر ناھىيە بەشكېرەم يېزىسى لەڭگەر كەنتىدە تۇغۇلغان.1909_1920-يىللىرى بەشكېرەمدىكى ئىپتىدائىي مەكتەپتە ۋە ئاتۇش مەشھەتتىكى سۇلتانەم مەدرىسلىرىدە ئوقۇغان.

1920_1924-يىللىرى قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە،ئالىم،داڭلىق مۇدەررىس ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قولىدا ئوقۇغان(يەنى ئۇنىڭ بىۋاستە تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان).

ئىسمائىل داموللام 1924-يىلى قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغان.ئوقۇش تۈگەتكەندە ئابدۇقادىر داموللام ئۆز قولى بىلەن گۇۋاھنامە بەرگەن.

ئىسمائىل داموللا ئوقۇش تاماملىغاندىن كېيىن،شۇ چاغدا ئابدۇقادىر داموللام ئۇنىڭغا ئېگەر-جابدۇقلۇق بىر ئات،بىر تون،بىر تۆركۈم كىتاپ تەقدىم قىلىپ،ئۇنى ئىلىم-مەرىپەتنى يىراقلارغا تارقىتىش ئۈچۈن مەخسۇس تەڭرىتاغلىرىدىن ھالقىتىپ،ئىلىغا يولغا سالغان.داموللام ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن،غۇلجا شەھىرى ئىچىدىكى دەڭ مەسچىتىگە ئورۇنلىشىپ،ئۇ يەرگە خاتىپ ۋە ئىمام ئىسمائىل خاتىپ، >>بولغان.كىشىلەر چوڭقۇر ھۆرمەتلەپ دەپ ئاتاشقان. ئۇ <<ئىسمائىل ئىمام، ئىسمائىل قارىم ئۆزىنىڭ بىلىمىنىڭ موللىقى، ئەرەب، پارس تىلىنى پىششىق بىلىشى، تارىخ، ئەدەبىيات، جۇغراپىيە، ئىلمى نۇجۇم،ئى لمى ھېكمەت، رىيازەت(ماتېماتىكا)، ئەبجەت، تېبابەتچىلىك ئىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلىگەنلىكى، ھەدىسنى شەرھلەش، قۇرئان تەپسىرى ،فىقھى ئىلمىگە كامىللىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن

جامائەتچىلىك ئارىسىدا تېزلا كۆرۈنۈپ، ئىناۋىتى
ئىنتايىن يۇقۇرى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كەڭ
داموللام) دەپ ) <<داموللا>>جامائەتچىلىك تەرىپىدىن
ئاتىلىشقا باشلىغان. كېيىنچە غۇلجىدىكى
ئۆلىمالار،جۈملىدىن كەڭ جامائەتنىڭ تەلىپى بىلەن غۇلجا
بەيتۇللا مەدرىسىدە مۇدەررىس بولغان.
غۇلجىدا تۇرۇش جەريانىدا ئۇقۇمۇشلۇق كىشى
قانائەتۇللا بەگنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ،بالا-چاقىلىق بولغان.
بۇ جەرياندا يەنە خەلق ئاممىسىنىڭ تەلەپ-
ئېھتىياجىغا ئاساسەن ،قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە
ئوقۇپ ئۆزلەشتۈرۈۋالغان تېبابەتچىلىك بىلىمىنى
ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن،تېبابەتچىلىك بىلەنمۇ
شۇغۇللانغان.
ئىسمائىل داموللىنىڭ شۆھرەت قازىنىشى بىر تۈركۈم
مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغاپ،قارا
كۈچلەر كېچە-كۈندۈز دىققەت قىلىدىغان،ئايىماي زەربە
بېرىدىغان،ئىز قالدۇرماي ئۇجۇقتۇرىۋېتىدىغان ئوبيېكتىغا
ئايلىنىپ قېلىپ،ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا توغرا كەلگەن. بۇ
ۋەھىمىلىك ئۇچۇردىن ۋاقىپلانغان غۇلجىدىكى جامائەت
ۋە قەشقەر،ئاتۇشلۇقلار تېز ھەرىكەتكە كېلىپ،مەبلەغ
توپلىغان.جۈملىدىن تەلئەت مۇسابايوف بىر
ئات،پۇل،كىيىم-كېچەك،يېمەكلىك قاتارلىقلارنى
تەييارلاپ ئۇنى يوشۇرۇن ھالدا قەشقەرگە يولغان
سېلىپ قويغان.داموللام قەشقەرگە كېلىپ،غۇلجىدا
قالغان ئائىلىسىنى ۋە جامائەتنى تولىمۇ سېغىنىپ،بىر
يىلدىن كېيىن 1939-يىلى غۇلجىغا يەنە كەلگەن.بىراق
يەنە تۇرالماي،ئائىلىسى بىلەن ئالتاي شەھىرىگە
كەتكەن.ئۇ يەردىمۇ
خاتىپلىق،ئىمامەتچىلىك،مۇدەررىسلىك قىلغان.

1945-يىلى كۆكلەمدە ئىسمائىل داموللام غۇلجىغا
قايتماقچى بولۇپ، دۆربىلجىن ناھىيىسىدىن ئۆتكەندە ،
بۇنىڭدىن چۆچەكتىكى جامائەت خەۋەر تېپىپ، چۆچەك
قەشقەر جامەسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئىمامى ياسىن
قازىنىڭ ئورنىغا ئىمامەتچىلىك قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ
قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا بارغان ھەمدە ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي
ئۇنى چۆچەكتە ئېلىپ قالغان. بۇ خەلقچىل زات ئۇ يەردىمۇ
جامائەت بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن
بىرگە ئىناۋەتلىك جامائەت ئەربابىغا ئايلانغان. ئۈچ
ۋىلايەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا ئىسمائىل داموللام
تارباغاتاي ۋىلايىتى دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ
باشلىقى، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ
تەيىنلەنگەن.
1946-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چۆچەكتە
تۇرۇشلۇق ۋەكىلى مەنسۇر
روزىباقىيوف (تەخەللۇسى: ۋەتەن ئوغلى) نىڭ قىزغىن
قوللىشى، نەشر قىلدۇرۇپ يورۇقلۇققا چىقىرىپ بېرىشكە
ۋەدە قىلىشى ھەم ھۆكۈمەتنىڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ
بېرىشى بىلەن «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ ئەرەبچە
نۇسخىسىنى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىپ، 1946-يىلى
بۇ ئىشنى دەسلەپكى قەدەمدە تاماملىغان. تەكتى
قەشقەرلىك ياسىن قارى دېگەن موللا ۋە خەتتات
كىتابنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنى كۆچۈرۈپ چىققان؛ بۇ
كىتاب قىزىل پەرەڭ بىلەن مۇقاۋىلىنىپ، شىلىم بىلەن
پاتلىنىلغان، بۇ ئىشقا ئايالى زەينەپخان قانائەتۇللابەگ
(1989-1911) ياردەملەشكەن.
(غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر)




ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى نازۇگۇم 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئۆتكەن ئاتاقلىق خەلق قەھرىمانى ۋە شائىرەدۇر. ئۇ قەشقەردە تۇغۇلۇپ، كىچىكىدىن باشلاپلا ئەقىللىق، زىرەك، ئىرادىلىك قىز بولۇپ ئۆسىدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى نەتىجىسىدە ئۇقۇمۇشلۇق ھەم بىلىملىك بولۇپ يېتىلىدۇ. ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى، ئەخلاقي پەزىلىتى ۋە ئەتراپلىق بىلىمى ئارقىلىق خەلق ئارىسىدا «نازۇگۇم» دېگەن مۇھەببەتلىك نام بىلەن ئاتىلىدۇ. شائىر موللا بىلال موللا يۈسۈپ ئوغلى (نازىم) نازۇگۇم ھەققىدە: «... بۇ نازۇگۇم قىز موللا ئايال ئىدى، ئۆزى ئىلباغدەك ئۆڭلۈك،

قارا كۆز، قارا قاش، نازۇك بەدەنلىك بولغان ئۇچۇن، قەشقەر
دەپ ئات قويغان ئىدى.» <<نازۇگۇم>>خەلقى
(«نازۇگۇم قىسسىسى» دىن) دەپ يېزىشىمۇ بىكار
ئەمەس ئىدى.
1826- يىلى خەلقىمىزنىڭ چىڭ خاندانلىقى
ئىستىبداتىغا قارشى قوزغىلىڭى پارتلىغاندا،
ئەجداتلارنىڭ قەھرىمانلىق پەزىلىتىنى ئۆزىگە
سىڭدۈرگەن نازۇگۇم بىر تەرەپتىن قولىغا قورال ئېلىپ
دۈشمەنلەر بىلەن تىغمۇ-تىغ قەڭ قىلغان بولسا، يەنە بىر
تەرەپتىن ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ناخشا-قوشاقلىرى ئارقىلىق
قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىدۇ.
نازۇگۇمنىڭ بۇ قېتىم قوزغىلاڭغا مەردانىلىق بىلەن
ئاتلىنىپ، ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، جەڭ قىلىشى
ھەرگىزمۇ تەسەددىپى ئەمەس ئىدى، چۈنكى چىڭ
سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مىسلىسىز زۇلۇمى، قانلىق
قىرغىنچىلىقىدىن جاق تويغان خەلق: «يە ئۆلۈم، يە
كۆرۈم!» دەپ كۈرەشكە ئاتلانغاندا، خەلق بىلەن بىرگە
ئازابلىق تەقدىرگە دۇچار بولغان شائىرەمىزمۇ ئۆزىنىڭ
ئەركىنلىك يولىنى ئەرەن شۇ خەلق سېپىدە كۆرگەن
ئىدى.
قورال كۈچى نىسبەتەن ئۈستۈن ئورۇندا بولغان چىڭ
قوشۇنى بۇ قېتىمقى خەلق قوزغىلىڭىنى دەھشەتلىك
ھالدا باستۇرغاندا، نازۇگۇم ئەسىرگە چۈشۈپ،
ئۇنمىڭلىغان گۇناسىز قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە
ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. ئۇ سۈرگۈن جەريانىدا باشقا
تۇتقۇنلارغا ئوخشاش چېرىكلەرنىڭ قان تېمىپ تۇرغا
قىلىچى ئاستىدا مىسلىسىز جەبىر-زۇلۇم، ئادەم بالىسى
كۆرمىگەن خورلۇقلارنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئاخىرى ئۆزى
بىلەن بىرگە تۇتقۇن قىلىنغان ئاكىسى ئابدۇللا خوجا

بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يۇلتۇزدىن غۇلجا تەرەپكە
قاچىدۇ. نازۇگۇم قاچقاندىن كېيىن، بىرنەچچە كۈن
قۇمۇشلۇقلاردا، ئورمانلاردا يوشۇرۇنۇپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ
جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن
سۆيۈملۈك دىيارىنى، مېھرىبان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى بەكمۇ
سېغىنىدۇ. نازۇگۇم قېچىپ 12 كۈن بولغاندا يەنە
چېرىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. نەتىجىدە چىڭ
سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن بىر سولۇن (داغۇر
مىللىتىنىڭ شۇ چاغدىكى ئاتىلىشى - نازىمى)
ئەمەلدارغا مەجبۇرى خوتۇنلۇققا بېرىلىدۇ. ئۆزىنىڭ مىللىي
غورۇرى، پاك ۋىجدانى، ئىپپەت-نومۇسىنى ھەممىدىن
ئەلا بىلگەن نازۇگۇم سولۇن ئەمەلدارىنىڭ بېشىنى
تېنىدىن جۇدا قىلىپ قېچىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋال چىڭ
ئەمەلدارلىرىنى ساراسىمىگە سالىدۇ. نازۇگۇم شۇ
قاچقانچە 6 ئاي ۋاقىت جاڭگاللاردا مۆكۈپ يۈرۈپ ھايات
كەچۈرىدۇ.
جاڭگاللارنى كېچە-كۈندۈزلەپ ئاختۇرۇپ ئاخىرى
نازۇگۇمنى تۇتىۋالىدۇ. ۋە پۇت-قوللىرىنى كىشەنلەپ
زىندانغا تاشلايدۇ. نازۇگۇم تۈرمىدىمۇ قەھرىمان ئۇيغۇر
قىزلىرىنىڭ باتۇرلۇق جاسارىتىنى ئىپادىلەپ،
دۈشمەننىڭ تۈرلۈك قىيىن-قىستاقلىرى ۋە ئۆلۈم خەۋپى
ئالدىدا قىلچىمۇ تىز پۈكمەيدۇ. يەنىلا ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق
قوشاقلىرى ئارقىلىق زالىملارنىڭ ۋەھشىلىكىنى غەزەپ
بىلەن ئەيىپلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يىرگىنچلىك ئەپتى-
بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. جاللاتلار قولىدىن
قۇتۇلۇشقا، ئەركىنلىككە تەلپۈنىدۇ. بىراق شائىرەنىڭ بۇ
ئارزۇسى ئارزۇ پېتىچە قالدى. دۈشمەن قولىدىن قۇتۇلۇپ
چىقىش نېسىپ بولمىدى. نازۇگۇم تۈرمىگە تاشلىنىپ
بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، جاللاتلار تەرىپىدىن چېپىپ

.تاشلىنىدۇ
شۇنداق قىلىپ بۇ ئەرك سۆيەر جەڭچى، شائىرە
ئەجداتلىرىمىزنىڭ دۈشمەنىنىڭ كىشەن-زەنجىرلىرى،
تۈرمە-زىندانلىرى ۋە قاتىللىق تىغلىرى ئالدىدىمۇ باش
ئەگمەيدىغان شانلىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ،
باتۇرلارچە ۋاپات بولىدۇ. مەردانە ۋە جەڭگىۋار هاياتى
ئارقىلىق خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈ ئورۇن ئالغان
سۆيۈملۈك شائىرە نازۇگۇمنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن
قوشاقلىرى ئۇنىڭ كۈرەش ئىچىدە ئۆتكەن ياشلىق
.ئۆمرىنىڭ گۈزەل نەزمىي خاتىرىلىرىدۇر
ئەسكەرتىش
ئۇيغۇر خەلقىمىنىڭ سۆيۈملۈك، باتۇر قىزى
نازۇگۇمنىڭ نامى ۋەتەندىكى مەتبۇئاتلاردا بىردەك
«نوزۇگۇم» دەپ يېزىلىدۇ. بىراق ئۆز ۋاقتىدا موللا بىلال
(نازىم) هەزرەتلىرى تۈنجى بولۇپ نازۇگۇم هەققىدە داستان
يازغاندا «نازۇگۇم» دەپ تىلغا ئالغان. ئۇيغۇر تىياتىرچىلىق
تارىخىمىزدىكى نامايەندىلەرنىڭ بىرى، كومپوزىتور،
پروفېسسور قۇددۇس غوجامياروف ئەپەندى ئىجاد قىلغان
مەشھۇر ئۇيغۇر ئوپېراسىنىڭ نامىمۇ «نازۇگۇم» دەپ
ئاتالغان، يازغۇچى تۇرغان توختەموف ئەپەندى يازغان،
ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان تارىخىي رومانمۇ «نازۇگۇم» دەپ
ئاتالغان (بۇ رومان ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنغاندا نامى
«روزۇگۇم» دەپ ئۆزگەرتىلگەن) هەمدە بىز پايدىلانغان
مەنبەدىكى مەزكۇر تەرجىمهالمۇ «نازۇگۇم» دەپ
يېزىلغان. شۇڭا بىزمۇ ئەسلىنى هۆرمەت قىلىپ
«نوزۇگۇم» دېمەي، «نازۇگۇم» دەپ يېزىشنى لايىق
(تاپتۇق - نازىمى.(ئورخۇن

موللا مۇسا سايرامى




مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى ۋە ئەدىبى موللا مۇسا
بىننى ئەيسا سايرامى مىلادىيە 1826-يىلى8-
ئاينىڭ23-كۈنى باي ناھىيىسىگە قاراشلىق سايرام
رايونىنىڭ ئانافىر يېزىسىدا دۇنياغا كېلىدۇ.ئۇنىڭ
دادىسى موللا ئەيسا بىننى موللا ئەزىزخان خوجا ئەينى
ۋاقىتنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن دىنىي زاتلىرىدىن بىرى
بولۇپ،ئوغلىنىڭ تەربىيلىنىشىگە ناھايىتىمۇ
ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئۇنى يەتتە يېشىدىلا ئۆزى
مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان سايرام مەدرىسەدە ئوقۇتۇپ
باشلانغۇچ ساۋادىنى چىقىرىدۇ.1847-يىلى9-ئايدا ئۇنى
ئەينى زاماندا جەنۇبىي شىنجاڭدا داڭلىق بولغان

كۇچادىكى ساقساق مەدرىسكە ئوقۇشقا بېرىدۇ.بۇ
مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى شۇ زاماندىكى داڭلىق ئۇيغۇر
ئۆلىمالىرىدىن بىرى بولغان موللا ئوسمان ئاخۇن خەلپەت
دىگەن كىشى ئىدى.موللا مۇسا ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى
ۋە ئۇستازىنىڭ
غەمخورلىقىدا،قۇرئان،ھەدىس،تارىخ،ئەدەبىيات،(تەقۋىم
كالىندار،شۇناسلىق)،ئاسترونومىيە ئىلىملىرى ھەمدە
ئەرەب،پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگىنىپ،«بالا
موللا»،«موللا مۇسا» دىگەن ناملار بىلەن تونۇلۇشقا
باشلايدۇ.بۇ جەرياندا ئۇ ئۇستازى موللا ئوسمان
ئاخۇننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك،خەلقپەرۋەرلىك روھىنىڭ
تەسىرىدە ئىدىيە جەھەتتىمۇ يېتىلىشكە باشلايدۇ. ئۇ
1854-يىلى مەدرىسەنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ،ئانا
.مەكتىپى سايرام مەدرىسەدە مۇدەررەسلىك قىلىدۇ
يىلى كۇچار قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن -1864
كېيىن،موللا مۇسا سايرامى تالىپلىرىنى
باشلاپ،قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ ۋە
قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۇچتۇرپاندا تۇرۇشلۇق سەركەردىسى
ماخمۇددىن خوجىنىڭ مۆھۈرچىسى ئومۇمىي ئىشلار
باشلىقى بولىدۇ. بۇ جەرياندا خىزمەتتىكى
مەسئۇلىيەتچانلىقى،بىلىم دائىرىسىنىڭ كەڭ،
چوڭقۇرلۇقى، كەمتەر، كىچىك پېئىللىقى بىلەن
قوزغىلاڭچىلار ۋە خەلق ئارىسىدا زور ئابرويغا ئىگە بولىدۇ.
1867 -يىلى ياقۇپبەگ ئۇچتۇرپاننى ئىگىلىگەندىن
كېيىن ئۇ ياقۇپبەگنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق باش
زاكاتچىسى مىرزا باباېكىنىڭ ھىسارىنىڭ كاتىپى بولىدۇ.
1877-يىلى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى چىڭ سۇلالىسى
قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، موللا
مۇسا سايرامى ئاقسۇدا قېلىپ،ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە

40يىلغا يېقىن ۋاقىتنى يېزىقچىلىق ۋە تەتقىقات ئىشلىرىغا بېغىشلايدۇ.بۇ جەرياندا ئۇ بىر مۇنچە تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازىدۇ.بۇلاردىن مەشھۇرراق بولغانلىرى «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»، «دەربايان ئەسھابۇل كەھف»، «تارىخىي ئەمىنىيە»، «دىۋان مەسنەۋى»، «تارىخىي ھەمىدى»، «سالامنامە» قاتارلىقلاردۇر.
موللا مۇسا سايرامىنىڭ كېيىنكى ئۆمرى ناھايىتىمۇ ئېغىرچىلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ،بۇ ئېغىر تۇرمۇش ئۇنى جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇرىدۇ.1917-يىلى81ياشقا كىرگەن موللا مۇسا سايرامى ئېغىر كېسەللەگە مۇپتىلا بولۇپ يۇرتى سايرامغا قايتىدۇ.شۇ يىلى 4-ئايدا ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ بىرى،تارىخشۇناس موللا مۇسا سايرامى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ ۋە ئانا يۇرتى ئاناقىر يېزىسىغا دەپنە قىلىنىدۇ.
(شېرىپ نىياز خۇشتار)

تۆمۈر خەلپە

تۆمۈر خەلپە 1891-يىلى تۇرپاندا ئىشلەمچى (كارىز چاپقۇچى) ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئۇنىڭ دادىسى ھەددىدىن ئاشقان ئالۋاڭ-ياساق دەستىدىن ئائىلىسىدىكى تۆت جاننى باقالمايتتى ، 1893-يىلى ياز پەسلىدە قۇمۇلنىڭ قوراي يېزىسىغا كۆچۈپ بېرىپ يەرلىشىدۇ . بىراق قوراي يېزىسى قۇمۇل ۋاڭىغا قاراشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ يەردىكى ئالۋاڭ-ياساق تېخىمۇ ئېغىر ئىدى .شۇڭا ، بۇ يەردىمۇ كۈن ئۆتكۈزۈش تەس بولۇپ ، 1905-يىلى ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن

تۆمۈرنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ-دە ، ياز كۈنلىرى
نەنمىن سىرتىدا كېسەك قۇيىدۇ ، قىش كۈنلىرى
باداۋاندىكى كانلاردا ياللىنىپ كۆمۈر قازىدۇ . لېكىن
ئۈرۈمچىدىمۇ جان بېقىش قىيىن بولۇپ ، ئاخىرى قۇمۇلغا
قايتىپ بېرىپ ، قۇمۇل بازىرىغا ئورۇنلىشىدۇ ۋە تۆمۈرنى
ياغاچچىلىققا شاگىرتلىققا بېرىدۇ . زېرەك ۋە ئەقىللىق
تۆمۈر ئۇزاق ئۆتمەي ياغاچچىلىقنى ئوبدان ئۆگىنىۋالىدۇ .
ئۇنىڭ دۇكىنى بازاردا بولغانلىقى ئۈچۈن ، هۆكۈمەت ۋاڭ
ئۈستىدىكى شىكايەتلەرنى كۆپ ئاڭلاپ ، ئېزىلگۈچى
خەلقلەر بىلەن ئەزگۈچى سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى
. ئاساسى زىددىيەتنى چۈشىنىۋالىدۇ
يىلى قۇمۇل دېهقانلىرى رەجەپ ئاكا -1907
باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ ، بىراق قۇمۇل
ۋاڭ تەرىپىدىن پاجىئەلىك باستۇرۇلىدۇ .بۇ ئىش
تۆمۈرنى سەگەكلەشتۈرىدۇ .شۇڭا ،ئۇ هەرقېتىم ۋاڭ
ئوردىسىدىكىلەرنىڭ ئادەم ئۇرغان ۋە ئادەم ئۆلتۈرگەن
زوراۋانلىقلىرىنى ئاڭلىغاندا قاتتىق غەزەپلىنىپ : «رەجەپ
ئاكا هايات بولغان بولسا ، دېهقانلار ئۈچۈن چوقۇم ئىنتىقام
. ئالغان بولاتتى »دەيدۇ
بىر كۈنى ، تۆمۈر خەلپە ۋاڭ ئوردىسىدىكىلەر تەرىپىدىن
چوڭ دەرەخكە باغلاپ ئۇرۇپ ، چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇلغان
بىر دېهقاننى ئۇستىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ داۋالاپ
ساقايتىدۇ ، ئۇنىڭ بۇ ياخشى خىسلىتى پۈتۈن قۇمۇل
يېزىلىرىغا تارقىلىدۇ . دېهقانلار «بۇ قالتىس باتۇر بالىكەن-
هە ،بۇ ۋاقىتقىچىمۇ ۋاڭ جازالىغان كىشىنى قۇمۇلدا هېچ
كىشى قۇتۇلدۇرالىغان ئەمەس......... » دېيىشىپ ،
. تۆمۈر هەققىدە تەرىپلەر قىلىشىدۇ
دېهقانىنىڭ يارىلىرى ساقىيىپ ئائىلىسىگە قايتىش
ۋاقتىدا ئۇنى ئۇزىتىپ ماڭغان تۆمۈر : «سىز ئوبدان

ساقىيلىك ، بىزمۇ رەجەپ ئاكىدەك ۋالڭ ئوردىسىنى
تاقۇتىمىز ، خۇدا نۇسرەت ئاتا قىلسا ، ۋاڭنى قۇمۇلدىن
قوغلىۋىتىمىز ...... » دەيدۇ . تۆمۈرنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن
دېھقانلار ۋە ئۇنىڭ ئۈستىسى ناھايىتى رازى
بولىدۇ .تۆمۈرنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقى (ۋەقە
تېرىيدىغانلىقى) نى ئويلاپ ،شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنى
ئاسرايدۇ . شۇنداقتىمۇ تۆمۈرنىڭ ھېلىقى دېھقاننى
قۇتۇلدۇرغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئوردىغا ئاڭلىنىدۇ ،
. ۋالڭ تۆمۈر خەلپىنى تۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ
يىلى ، تۆمۈر خەلپە ئىككىنجى قېتىم ئۆزى -1910
يالغۇز ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى
ئۆلۈپ كەتكەنىدى . مۇشۇ مەزگىللەردە شىنجاڭنىڭ
سەييارە سىلاۋچىسى ليەنكۈي ئورنىنى يۈەن داخۇاغا
ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى . يۈەن داخۇا شىنخەي
ئىنقىلابىنىڭ ئوت يالقۇنىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭغا
تۇتىشىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن ، ئىچكىرىسىدىن
ياڭزېنشىننى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا خۇيزۇلاردىن
. چېرىك تۇتۇپ بەش باتالىيون تەشكىللەشكە بۇيرۇيدۇ
بۇ كۈنلەردە تۆمۈر خەلپە ۋەزىيەتكە ئىنتايىن دىققەت
قىلىدۇ ،ئىچكىرىدىكى ئىنقىلاۋى پارتىيە ئەھۋالىنى ،
جۇمھۇرىيەت ئورنىتىلىدىغانلىقىنى ئاڭلايدۇ . ئۇ ئىپپى
كەلسە ھەركەت قىلىش ئۈچۈن قۇمۇلغا قايتىدۇ .تۆمۈر
خەلپە ئۈرۈمچىدە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى ئۇستىسىغا
بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بىرىدۇ ۋە ئاخىرقى ھىسابتا ئۆلۈپ
كەتسىمۇ رەجەپ ئاكىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماي
قويمايدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم ئىچىدۇ . ئۇ
. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىنقىلاپ يولىدا ئىزدىنىدۇ
تۆمۈر خەلپە ئىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلبە
قىلىپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈرۈش قىلغانلىقى توغرىسىدا

ئېنىق خەۋەر ئاڭلىغاندىن كېيىن ، قۇمۇل دېھقانلىرىغا
ئىچكىرى ئۆلكە ۋە ئېلى ئىنقىلاۋىنى تەشۋىق قىلىدۇ ۋە
ئاشكارا ھالدا «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ كۈنى ئاز قالدى» دەيدۇ .
تۆمۈر خەلپە قۇتقۇزۇپ قالغان ھېلىقى دېھقان ھەممىلا
يەردا تۆمۈر خەلپىنى تەرىپلەپ تەشۋىقات ئېلىپ باردۇ ،
جۈملىدىن ئۇنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئابرويى ئۆسىدۇ.
قۇمۇل دېھقانلىرى زور ئۈمىد بىلەن ۋاڭنىڭ
. ئاغدۇرۇلىشىنى كۈتمەكتە ئىدى

يىلى 1-ئايدا ، يۈەن داخۋا ئۆلكە مەركىزىگە قاراپ-1912
كېتىۋاتقان ئېلى خەلق قوشۇنىنى توسۇش مەخسىتىدە
، قۇمۇل ۋاڭىغا 500 ئەسكەر ئەۋەتىش توغرىسىدا
بۇيرۇق بېرىدۇ . قۇمۇل ۋاڭى خەلققە ئۆزىنى كۆرسىتىش
مەخسىتىدە : « يۈەن داخۋا ماڭا ئىشىنىدۇ ، مېنىڭ
ۋاڭلىقىم مەڭگۈ ساقلىنىدۇ ، كىمكى ۋاڭ ئاغدۇرۇلىدۇ
دەيدىكەن ، كاللىسى ئېلىنىدۇ ! » دەپ خەلققە تەھدىت
سالىدۇ ھەمدە ئۆزى ئۈچۈن تەھدىت دەپ ھېساپلىغان
ئادەملەرنى ئەسكەرلىككە ئالىدۇ ، تۆمۈر خەلپە
. ئۆزلىكىدىن ئەسكەر بولىدۇ

يېڭىدىن ئەسكەرلىككە ئېلىنغان 500 كىشى
قۇمۇلدىن يولغا چىقىدۇ . تۆمۈر خەلپە يول بويى
قوزغىلاڭ قىلىش توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ ۋە
ئۆزلىرىنى ئېلىپ ماڭغان خەنزۇ باشلىقنى پالتا بىلەن
چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ . 500 ئەسكەر تۆمۈر خەلپىنى قولدىن
قولغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ ۋە ئۇنى سەردار قىلىپ بەلگىلەيدۇ .
بۇ قوشۇن كەينىگە قايتىپ ، چاقماق تېزلىكىدە قۇمۇلغا
باستۇرۇپ كىرىدۇ ، دېھقانلار ئۇلارغا كېلىپ قوشۇلىدۇ .
شۇنىڭ بىلەن ، ئىنقىلاپ باشلىنىدۇ . شەھەرگە
قامالغان شاھ مەقسۇت بىلەن شەھەر ئامبىلى بەي
...... ۋېنچاۋ يۈەن داخۋادىن ياردەم سورايدۇ

1912- يـىلى 3-ئاينىڭ 11- كۈنى ، چىڭ
سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى خانى شۈەنتۇڭ ئۆزىنىڭ
تەختتىن چۈشكەنلىكى توغرىسىدا پۈتۈن مەملىكەتكە
جاكارلايدۇ . 3-ئاينىڭ 27-كۈنى ، يۈەن داخۇامۇ
شىنجاڭنىڭ سەييارە سىلاۋچىسلىقىدىن ئىستىپا
بېرىدۇ . ئۇچاغدا ھۆكۈمەت ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭغا
تۇتۇق قىلىپ تەيىنلەيدۇ . تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى
قوزغىلاڭچىلار بۇ خەۋەردىن ھەقىقەتەن خۇشاللىنىدۇ ،
جۈملىدىن « شاھ مەھسۇت ئورددىن چىقىپ كەتسۇن !
دېھقانلار ئۈستىدىكى ئالۋاڭ-ياساقلار بىكار قىلىنسۇن !
»دېگەن شىئارلار بىلەن شاھ مەھسۇتنى قىستايدۇ .
ياڭ زېڭشىن باركۆلدە تۇرۇشلۇق ھەربى قوشۇن
باشلىقى يې شىڭفۇغا قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى
باستۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ .
تۆمۈر خەلپە بار كۆلدىكى ھەربى قوشۇننىڭ قۇمۇلغا
يۈرۈش قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ، دۈشمەنگە تاقابىل
تۇرىدۇ . يې شىڭفۇ قوشۇننى باشلاپ نەنسەن ئېغىزىغا
كەلگەندە ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ ، قىسمىلىرى تەسلىم
بولىدۇ ، نۇرغۇن قورال غەنىمەت ئېلىنىدۇ ۋە
قوزغىلاڭچىلار سانى 2000 دىن ئاشىدۇ .
1912- يـىلى 6-ئاينىڭ 5-كۈنى ، يۈەن داخۇا
ئىچكىرىگە قايتماقچى بولغىنىدا ، ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭغا
چيەن گۇاڭخۈەي بىرلىشىپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش
بۇيرۇقى بېرىدۇ .
يۈەن داخۇا بىلەن چيەن گۇاڭخەي بىرلىشىپ
قوزغىلاڭچىلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ . تۆمۈر خەلپە بۇ
ئۇرۇشتىمۇ كۆپلىگەن قورال غەنىمەت ئالىدۇ (يۈەن داخۇا
، چيەن گۇاڭخەيلەر 6-ئاينىڭ 15-كۈنى يېڭىلىپ
ئىچكىرىگە كېتىدۇ، ).

جىددى ئۇرۇش ھازىرلىقىدا تۇرغان ياڭ زىڭشىن بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، پىلاننى ئۆزگەرتىپ ھىيلە-مىكىر پىلانلايدۇ . ئۇ ئوردىدىكى ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىغان ھاكىمدىن تۆۋەنرەك ئەمەلدار جاڭ سەيتىڭنى تۆمۈر خەلپە بىلەن سۆھبەت قىلىشقا ئەۋەتىدۇ . ئۇن كۈن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت نەتىجىسىز بولۇپ ، جاڭ سەيتىڭ قايتىدۇ .

ياڭ زىڭشىن كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق ، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئەڭ يېقىنلىرىدىن بولغان مۇھەممەتجان ھاپىز دېگەن كىشىدىن تۆمۈر خەلپىگە خەت ئەۋەتىدۇ . بۇ خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى : «مەن سىزنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىڭىزنىڭ قۇمۇل ۋاڭىغا قارشى تۇرۇش ئىكەنلىكىنى، ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلاشماقچى ئەمەسلىكىڭىزنى ئوبدان چۈشىنىمەن ، سىلەرنىڭ ھەركىتىڭلارغا نىسبەتەن مېنىڭ باشتىن-ئاخىر زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتىم يوق .... » دېيىلگەن

دەل شۇ كۈنى ياڭزېڭشىن قۇمۇل ئامبىلى بەي ۋېنچاۋغا يازغان بىر پارچە مەخپى خېتىدە : « تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، تۆمۈر قارا نىيەت ئادەم ئىكەن ، ئاسىيلىق قىلىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز شۇغۇللىنىۋاتىدۇ ... پېقىر تۇتۇق كەلگۈسىدىكى بالايى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى قەتئىي باستۇرۇش نىيىتىگە كەلدىم ....» (ياڭ زېڭشىن : («ئىستىغبار ھوجرىسىدا يېزىلغان خاتىرىلەر» (2-توپلام

تۆمۈر خەلپە مۇھەممەتجان ھاپىزدىن : «سىز ياڭ تۇتۇققا (قوماندان ياڭغا) ئىشىنەمسىز ؟ ياڭ تۇتۇقنىڭ ماڭا زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتى بولمىسا ، نىمە ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئەسكەر ئەۋەتىپ بىزنى يوقىتىشقا ئۇرۇنىدۇ ؟ ياڭ تۇتۇق مىنگونىڭ تۇتۇقى تۇرۇپ ، نىمە

ئۇچۇن چىك سۇلالىسى خانلىقى قۇمۇل ۋاڭىغا بەلگىلەپ
<<...بەرگەن هاشار تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرمايدۇ ؟
قاتارلىق 10 نەچچە سۇئال قويىدۇ . مۇھەممەتجان هاپىز
. جاۋاپ بېرەلمەي قايتىدۇ

بۇ ھىيلىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ياڭزېڭشىن
خۇيزۇ باتالىيونىنىڭ كوماندىرى لى شۇفۇ ، ئىچكى
ئىشلار كابىنتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جايى گەنسۇ -
شىنجاڭ تەپتىش خادىمى يۈەن ساڭ قاتارلىقلارنى
. 1913-يىلى 3-ئايدا سۆھبەتكە ئەۋەتىدۇ

لى شۇفۇ پۇخراچە ياسانغان بولۇپ ، دىنىي بىلىمنى
ئىشقا سېلىپ ، ئىسلام مۆتىۋەرلىرى قىياپىتىگە
كىرىۋېلىپ ، تۆمۈر خەلپە تۇرغان ئۆيگە كىرىش بىلەن
تەكبىر ئېيتىپ ، قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ مەنىسىنى
يېشىپ ، نەقىل كەلتۈرۈپ سۆز باشلايدۇ ۋە ياڭزېڭشىن
ئەۋەتكەن ئالاقىنى ئوقۇيدۇ . ياڭزېڭشىنىڭ خېتىدە
مۇنداق دېيىلگەنىدى: « بىرىنجى ، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ
دىھقانلارنىڭ ئۈستىگە قويغان ھەرئايدىكى يەتتە
كۈنلۈك هاشار تۈزۈمى .ئىككى كۈنگە قىسقارتىلىدۇ .
ئىككىنجى ،قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ھۆكۈمەتنىڭ ئاتلىق
باتالىيونىغا ئۆزگەرتىلىپ ، تۆمۈر باتالىيون كوماندىرلىق
ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ ۋە ئۆلكە مەركىزىگە بېرىپ
ئورۇنلىشىدۇ . ئۈچىنجى ، قوشۇندىن قايتىپ
دېھقانچىلىق قىلىشنى خالايدىغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ
ھەممىسى ئەسلى يۇرتىغا بېرىپ ،دېھقانچىلىق قىلىشقا
ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ....» لى شۇفۇ بۇ خەتنى ئوقۇپ
بولغاندىن كېيىن ، بىر ئايەت ئوقۇپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ
يەنە تەكبىر باشلايدۇ . ئىسلام دىنىي قائىدىسى
بويىچە تۆمۈر خەلپە تەكبىرگە قوشۇلۇش ۋە دۇئاغا قول

. كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ
بۇنىڭ بىلەن تۆمۈر خەلپە ياكزىپكىشىن قويغان
يۇقىرىقى ئۈچ شەرتنى شەرتسىز قوبۇل قىلغان بولۇپ
. قالىدۇ
بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ياڭ زېڭشىن ناھايىتى
ئۇستىلىق بىلەن قۇۋلۇق-شۇملۇق ئىشلىتىپ ،
قومۇلدىكى ھەرقايسى تەبىقىدىكى زاتلار ۋە خەلقلەرنى
ئارقا-ئارقىدىن تاغقا چىقىرىپ تۆمۈر خەلپىنى تەبرىكلەيدۇ
. ۋە قائىدە بويىچە ' دەپ ئاتايدۇ
تۆمۈر خەلپە قىسمىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە كىلىدۇ بۇ
پاجىئەنىڭ باشلىنىشى ئىدى . ئۇ چاغدا ئۈرۈمچىنىڭ
شەرقى كىچىك دەرۋازىسى سىرتىدا بىر-بىرىگە
تۇتىشىپ تۇرىدىغان ئىككىز گازارما بار ئىدى . بىرى ،
شەرقى گازارما بولۇپ ، شور بۇلاقتا ،يەنە بىرى غەربە
. گازارما بولۇپ ، دۇگمىنغا يېقىن ئىدى
تۆمۈر خەلپە قىسمىنى شەرقى گازارمىغا
ئورۇنلاشتۇرىدۇ . غەربى گازارمىغا ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ
سادىق ئادىمى بولغان ما فۇشىڭ (ماتتەي)
. باتالىيونىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ
تۆمۈر خەلپە ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كىيىن ياڭ
زېڭشىن ئەندىشە قىلىپ بىئارام بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن
،ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنى ئۆجۈقتۇرۇش غەرىزىدە
تۆمۈر خەلپىنىڭ تۇگچىسىنى سېتىۋىلىپ ، تۆمۈر
خەلپىنى نازارەت قىلىسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ،
مافۇشىڭغا ھۇشيار تۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ .
مافۇشىڭ 1913-يىلى 9-ئاينىڭ6-كۈنى روزى ھېيتنى
تەبرىكلەشكە تەييارلىق كۆرۈش باھانىسى بىلەن تۆمۈر
خەلپىنى غەربى گازارمىغا ئالداپ ئېلىپ كېلىدۇ ۋە قولغا
ئالىدۇ . تۆمۈر خەلپىنىڭ قوشۇنىنى ئۆز گازارمىسىدا

قورالسىزلاندۇردۇ .، ئۇنى تۈرمىدە قىيىن-قىستاققا ئالدۇ . خائىن ئىلگىرىكى سۆھبەتلىرىنى پاش قىلدۇ ياڭ زېڭشىن قاقاقلاپ كۈلگىنىچە تۆمۈر خەلپىگە : « گۇناھ مەندە ئەمەس ، مانا بۇ ئۆز ئادىمىڭىز ، مەن سىزنىڭ باتۇرلۇقىڭىز ۋە ئەقىل-پاراسىتىڭىزگە ئىشىنىمەن . سىزگە كەلگەن ئۆلۈمنى تەڭرى ئالدىدىمۇ مەندىن كۆرمىگەيسىز.ئۆلۈم ئالدىدا مەن سىزنىڭ قاتىلىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ ، سىز ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىمەن» دەيدۇ-دە، خائىن تۇڭچىنى ئۆلتۈرۈشكە . بۇيرۇق چۈشۈردۇ

خائىن نالە-پەريات قىلغاندا ، « ئۆز مىللىتىگە ۋاپا كەلمىگەن سەن ئىتتىن ماڭا ۋاپا كېلەتتىمۇ . ؟...»دەيدۇ ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭغا

مافۇشىڭ تۆمۈر خەلپىنى ئېتىپ ئۆلتۈردۇ . ئەتىسى ئۇردىغا تەكلىپ قىلىنغان ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە جامائەت ئەربابلىرى تۆمۈر خەلپىگە ھەربى تۈزۈم بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكىنى ئېلان قىلدۇ . پىشقەدەم يىڭجاڭ روزى ھاجى ياڭ زېڭشىنغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردۇ . ياڭ زېڭشىن بۇ ئىشنى مافۇشىڭغا دۆڭگەپ . قويىدۇ

خەلق ئاممىسى داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ،تۆمۈر خەلپىنىڭ جەسىتىنى خاڭچىڭدىكى قەبرىستانلىقنىڭ ھازىرقى خاڭچىڭ مەسچىتىدىن 50 . قەدەملەر ئىچكىرىدىكى بىر جايغا دەپنە قىلدۇ

تۆمۈر خەلپە ۋاپاتىدىن كېيىن ، ئۇنىڭ قولىدىكى 300 نەپەر جەڭچىنى قورالسىزلاندۇرۇپ قۇمۇلغا ئاپىرىپ قويىمىز ، دىگەن باھانە بىلەن يۈلىپ مېڭىپ گوچۇڭدىكى چۈەنزىگەي دېگەن يەردىن ئۆتكەندە ، ئالدىن تەييارلاپ قويغان قىسىملىرى ئارقىلىق قىرغىن قىلىپ

. تۆگىتىدۇ
تۆمۈر خەلىپە ئۆلتۈرۈلۈپ 18 يىل ئۆتكەندىن كېيىن
،خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قومۇل دېھقانلار
قوزغىلىڭى پارتلايدۇ ، قوزغىلاڭ يالقۇنى تېزلا پۈتۈن
. شىنجاڭنى قاپلايدۇ
شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر )
(شەخسلەر

يۈسۈپ سەككاكى

سىراجىدىن ئەبۇ ياقۇپ يۈسۈپ ئىبىن ئەبۇ بەكرى ئەل
خارەزمى سەككاكى_(1160-1228) مەشھۇر ئۇيغۇر
.ئالىمى، داڭلىق پىداگوگ ۋە يازغۇچى
سەككاكى ئىسمىنىڭ بېشىغا قويۇلغان خارەزمى
دېگەن جاي ئىسمىغا،شۇنداقلا ھازىرقى چاپچال
ناھىيىسىنىڭ خۇنخەي دېگەن يېرىگە جايلاشقان
مازارنىڭ سەككاكى نامى بىلەن ئاتىلىدىغانلىقىغا قاراپ
ئۇنىڭ خارەزىمدا تۇغۇلغانلىقى ۋە ئالملىق(ئىلى)دا ۋاپات
.بولغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز
سەككاكى ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا ئىلىم-پەنگە
ئىشتىياق باغلاپ تىرىشىپ ئۆگەنگەن. دىنىي
ئىلىم،تىل-ئەدەبىيات،ماتىماتىكا،تارىخ،جۇغراپىيە،ئىلمي
نۇجۇم(ئاسترونومىيە)،تىبابەت ئىلمى قاتارلىق پەنلەردە
كامالەتكە يەتكەن.ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا پارس،ئەرەپ
تىلىنىمۇ پۇختا ئىگەللىگەن.مۇزىكا ساھەسىدىمۇ ئۆز
ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ«بايات»مۇقامىنى ئىجاد
.قىلىپ«9-ئۇستاز» دەپ شۆھرەت قازانغان
چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا جايلارنى بوي
سۇندۇرغاندىن كېيىن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلاردا

دۆلەتنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىنى بېجىرىشكە ئۇيغۇر
سىياسەتچىلىرى،ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر ۋە مەدەنىيەت
مائارىپ ئەرباپلىرىنى قويغان بولۇپ شۇ چاغدىكى چاغتاي
خانغا مەسلىھەتچى بولغانلار ئىچىدە يۈسۈپ سەككاكىمۇ
بار ئىدى.ئۇنىڭ ئىجدىھات قىلىشى ئارقىسىدا
چاغاتاينىڭ ئوردىسى جايلاشقان ئالمىلىقتا ھەر-خىل
مەكتەپلەر ۋە ئالىي بىلىم يۇرتلىرى تەسىس
قىلىنىپ،مائارىپ ئىشلىرى زور تەرەققىي
قىلغان،قەشقەر،بۇخاراغا ئوخشاشلا ئالمىلىقمۇ ئاسىيا
.بويىچە ئىلىم-پەن مەركەزلىرىگە ئايلانغانىدى
ساككاكى ئوردا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان
مەزگىللەردە بىر تەرەپتىن بىلىملىك كىشىلەرنى
ئالمىلىققا توپلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەكتەپ ئېچىشقا
پائال يېتەكچىلىك قىلغان. بىر تەرەپتىن دەرس ئۆتسە،
يەنە بىر تەرەپتىن دەرسلىك تۈزۈپ چىققان.
ئۇنىڭ«مۇفتا ھۇل ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) ناملىق
يىرىك ئەمگىگى ئەنە شۇ خىلدىكى بولۇپ،ئۇنىڭدا تىل-
ئەدەبىيات، لوگىكا، ئىستىتىكا، پەلسەپە، ئاسترونومىيە،
ماتىماتىكا، تارىخ، تىبابەت ئىلمى، مۇزىكا ئىلمى قاتارلىق
13تۈرلۈك ئىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ مەزمۇنىنىڭ
كەڭ ھەم چوڭقۇرلىقى، قايىل قىلىش كۈچىنىڭ
ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر مائارىپى
تارىخىدا كەم تېپىلىدىغان قىممەتلىك مەدەنىي مىراس
.بولۇپ ھىساپلىنىدۇ
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چاغاتاي دەۋرىدىكى مەرىپەت
يۇلتۇزى،ھەققانىيەتچى،خەلق بىلەن تەقدىرداش ئالىم
يۈسۈپ سەككاكى گەرچە ئۆز خەلقىنىڭ مەنىۋى
ئازاتلىقى يولىدا تەر ئاققۇزغان خانغا دۆلەت
باشقۇرۇش،ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش يولىدا ياخشى

مەسلىھەت بەرگەن بولسىمۇ،ئۇردىدىكى مەرپەت
دۈشمەنلىرى،ھەسەتخور مەنسەپدارلارنىڭ چېقىمچىلىقى
بىلەن زىندانغا تاشلىنىپ 3يىل زىنداندا يېتىپ
ئالەمدىن ئۆتىدۇ.بۇ مەشھۇر ئالىم،داڭلىق پىداگوگنىڭ
مازىرى ئىلى ئوبلاستىنىڭ چاپچال ناھىيىسىدە
.ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان
ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى ئۆچمەس »
(يۇلتۇزلار»(ئورخۇن

(سەككاكى مازىرى(خۇنخاي مازىرى







مۇھەممەد سىدىق زەلىلى




شائىر مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىنىڭ تونۇلغان نامايەندىلىرىدىن بىرى .
شائىرنىڭ بەزى مىسرالىرىدىن ئۇنى تەخمىنەن 17-
ئەسىرنىڭ 70- يىللىرى يەكەندە تۇغۇلغان دەپ
ئېيتىشقا بولىدۇ (1755-1676)«دىۋان زەلىلى»
بىلەن «سەپەرنامە» داستانى شائىرنىڭ ۋەكىللىك
خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدۇر. شائىرنىڭ غەزەللىرى
تىلى گۈزەللىكى ، پىكرى چوڭقۇر،ئوخشىتىشلىرى تولىمۇ
چىرايلىق بولۇپ، ئۆزگە خاس ئۇسلۇپ ياراتقان.
شائىرنىڭ «سەپەرنامە» دېگەن ئەسىردە
مۇقام،نەغمىلەرنىڭ ئىجتىمائىي رولى ۋە ئۇنىڭ روھىيەت

بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى ئالاھىدە
سۈرەتلىگەن.بەزى
لىرىكىلىرىدا«ئەجەم»،«ئىراق»،«بايات» قاتارلىق مۇقام
ناملىرىنى؛ نەي،قالۇن،چاڭ قاتارلىق چالغۇ ئەسۋاپلارنىڭ
نامىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.
(غەيرەتجان ئوسمان)

زەلىلى غەزەللىرىدىن

نە جانىم بۇلبۇلى ھەمدىمغە يۈزمىڭ تىل بىلە گويا،
گۈلى سۇئۇلىڭ تاماشاسىغە بەررى بەھرىدۇر جويا.
فەلەكدۇر يەتتە خىرگاھىكى بىر-بىر ئۆزرە تىكمىشلەر،
ئاڭا فەندىل ئېتىپ خۇرشىددىن ھەي قادىرى دەنا.
تەفەررۇج گاھى سۇنئىڭ قىلغالى بىلدىم كەۋاكىبدىن،
مەشائىل ياندۇرۇپ تۈن - كېچەلەردە گۈنبەزى خەررا.
نىشانى رەھمەتى ئامىڭنى كۆرگۈزمەك ئۈچۈن زاھىر،
ساچار مەرۋارىدىنى مەۋجىدىن ھەر قەترەئى دەريا.
چىمەن سارىغە ناگەھ تۈندىيادى يەتسە قەھرىڭدىن،
نە قالغاي لالەئى ئەھمەر نە قالغاي سۇنبۇلى رەئنا.
گۈلىستانۇ جەھانغە ئەي سەبا كەم-كەم تەفەررۇج قىل،
مۇبادا باغبانى ئەيلەگەي بىر فىتنەئى بەرپا.
سەنا ئەيتۇرغە، يارەب، شۆئلەئى تىغى زەبان بەرگىل،
زەلىلى بۇ تەلەبدىن گوشەدە ئولتۇرۇر تەنھا.


ئىپارخان
WWW.TUCOO.COM


香妃
帕孜勒霍加
PAZIL HOJAM

گۈزەللىكى بىلەن كىشى ئەقلىنى لال قىلسا، باتۇر ۋە قەيسەرلىكى بىلەن دىللاردا ھۆرمەت ۋە قايىللىق تۇيغۇسى ئويغاتقۇچى ئۇيغۇر قىزى ئىپارخان 18-ئەسىردە شىنجاڭدا ئۆتكەن چوڭ - كىچىك خوجىلاردىن خوجا جاھاننىڭ ئايالى. ئاپپاق خوجىنىڭ ئەۋلادى، بەزى تارىخىي كىتاپتا ئىپارخاننى ئەسلى ئىسمىنىڭ ئەلانۇر خېنىم ياكى مەمۇرى ئەزەم ئىكەنلىكى يېزىلغان.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئىپارخان لاتاپەت بابىدا تەڭداشسىز گۈزەل بولغانلىقى ۋە تېنىدىن تەبىئىي ھالدا ئىپار ھىدى كېلىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن «ئىپارخان» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.جەڭگە ماھىر بۇ گۈزەل باتۇرلۇقتا داڭ چىقارغان خوجا جاھانغا ياتلىق بولغان.

1760-يىلى شىنجاڭدىكى ئاپپاق خوجا ئەۋلادىدىن بولغان خوجا بۇرھانىددىن بىلەن خوجا جاھان چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىققان. ئۇلارنىڭ سانى ۋە تەسىر دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلىغان. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچىگەن چىڭ سۇلالىسى جاۋخۇي باشچىلىقىدا زور قوشۇننى توپىلاڭچىلارنى تىنچىتىشقا ئەۋەتكەن. ئادەم سانى جەھەتتىكى چوڭ پەرق تۈپەيلىدىن خوجىلار مەغلۇپ بولۇپ، خوجا جاھان ئۆلتۈرۈلگەن.ئىپارخان بولسا ئەسىر سۈپىتىدە بېيجىڭدىكى خان ئوردىسىغا ئېلىپ بېرىلغان.

ئىپارخاننىڭ گۈزەللىكىدىن ھەيرانۇھەس قالغان چيەنلۇڭ خان ئىپارخانغا مەپتۇن بولۇپ قالغان.

ئىپارخاننىڭ خان ئوردىسىغا كەلگۈچە بولغان ھاياتى ھەققىدە تارىخىي مەنبەلەر بىردەكلىككە ئىگە بولسىمۇ، ئۇنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى بويىچە قارىغاندا، ئۇيغۇر تارىخ مەنبەلىرى ۋە ناھايىتى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن چىڭ سۇلالىسى ئوردا

تارىخنامىلەردىن مەلۇمكى، يۇرت- قەۋمىدىن، ئېرىدىن
ئايرىلغان ئىپارخان ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن خانغا
قاتتىق ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت بىلەن مۇئامىلە قىلغان.
پۇرسەت تېپىپ ئىنتىقام ئېلىش ئارزۇسىدا يېنىدا
پىچاق ساقلاپ يۈرگەن. ئىپارخاننىڭ كۆڭلىنى مايىل
قىلىش، ئۇنىڭ ئىنتىقام ئېلىش ۋە يۇرتىنى سېغىنىش
ئارزۇسىنى يوق قىلىش ئۈچۈن چيەنلۇڭ خان خىلمۇ -
خىل چارىلەرنى ئىشلەتكەن. ئىپارخان ئۈچۈن ئۇيغۇر
پاسوندا ئىمارەت سېلىپ ، ئۇيغۇر مەھەللىسى بىنا
قىلغان. لېكىن ئىپارخان نىيىتىدىن ھەرگىز
يانمىغان.چيەنلۇڭ خاننى ئۆزىگە يېقىن يولاتمىغان ۋە
يەڭ ئىچىدە ساقلىغان خەنجەرنى كۆرسىتىپ:«ئەل -
يۇرتۇم خانىۋەيران بولدى، ئۆلۈشكە رازىمەنكى، ئوغۇل -
قىزلىرىمىزنىڭ بىكاردىن بىكار ئۆلۈپ كېتىشىگە چىداپ
تۇرالمايمەن، ئىنتىقام ئالماي قويمايمەن»، دېگەن.
چيەنلۇڭ خان يەنىلا ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمىگەن.
ئىپارخان خانغا قول سالماقچى بولغان بولسىمۇ، مەخپىي
پايلاقچىلارنىڭ قاتتىق نازارەت قىلىشى تۈپەيلىدىن
ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغان، بۇنىڭدىن قاتتىق
چۆچۈگەن خان ئانا چيەنلۇڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەن
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىپارخاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.
گەرچە كېيىن بەزى ۋەقەلىكلەر قوشۇلۇپ ئىپارخان
ھەققىدىكى بايانلار رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ۋە ئۇنىڭ
نەسەبى، كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدە ئوخشىمىغان كۆز
قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، خەنزۇ تارىخ
مەنبەلىرىدە بىردەكلىككە ئىگە يۇقىرىقى بايانلار
ئىپارخاننىڭ ھەقىقىي ھايات سەرگۈزەشتىلىرىدۇر.
1914-يىلى ئاسارە - ئەتىقىلەر ئورنى پىكتىيەن خان
سارىيى مۇزېيى ۋە چىڭدۇڭدىكى يازلىق ئوردىدىن ئېلىپ

كېلىنگەن نۇرغۇن ئاسارە ئەتىقىلەر ئارىسىدا ئۇن نەچچە ساھىبجامال قىزنىڭ ماي بوياق رەسىمى بار بولۇپ، بۇلارنى چيەنلۇڭ خان دەۋرىدە، ئوردىدا ياللاپ ئىشلەتكەن ئىتالىيىلىك رەسسام رومبىرانت سىزغانىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ھەربىيچە ياسانغان، ئاجايىپ چىرايلىق بىر قىزنىڭ رەسىمى «يۈدى سارىيى»نىڭ غەربىي ھوجرىسىدا كۆرگەزمە قىلىنغان. رەسىمنىڭ ئاستىغا «ئىپارخان___ غەربىي دىيارلىق ۋاڭنىڭ مەلىكىسى ...» دەپ يېزىلىپ، ئىپارخاننىڭ ھاياتى يۇقىرىقىغا ئوخشاش يوسۇندا قىسقىچە بايان قىلىنغان. شۇنداقلا ئاخىرىغا يېقىنقى زامان خەنزۇ شائىرى شى يىنىنىڭ جۇڭخۇا مىنگونىڭ 7-يىلى بۇ رەسىمگە يازغان بېغىشلىما شېئىرى قوشۇپ قويۇلغان. ئۇ شېئىر تۆۋەندىكىچە:

ھۆر گۈزەل جانان تۇرار شەمشەر ئېسىپ ھەيۋەت بىلەن،
سېغىنىپ ئۆز يۇرتىنى چەكسىز مېھىر- شەپقەت
بىلەن.
تەلپۈنەر راۋاقتا قىز ئۆز يۇرتىغا غەمكىن بېقىپ،
.كىيىمى قانغا بويالغان يىغلىغاچ ھەسرەت بىلەن
قاقشىتىپ ئەپكەلدى خان شۇ قىزنى خان دىيارىغا،
.تەڭرىتاغ قالغان غەزەپتە بوغۇلۇپ نەپرەت بىلەن

بېيجىڭ تىياتىرى ۋە دىراما ساھەسىكىلەرمۇ بۇ بايانلارغا ئاساسەن «ئىپارخاننىڭ غەزىپى»،«ئىپارخان» ناملىق تىياتىرلارنى ئوينىغان. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە «ئىپارخان»ناملىق بېيجىڭ تىياتىرى ئوينالغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئىپارخان خوجا جاھاننىڭ ۋاپادار ئايالى، پادىشاھقا تىز پۈكمىگەن قەھرىمان، قەيسەر ئايال سۈپىتىدە

تەسۋىرلەنگەن. ئاتاقلىق خەنزۇ شائىرى يەنچېڭ
ئىپارخان ھەققىدە تۆۋەندىكى شېئىرنى يېزىپ
قالدۇرغان:

باھار نۇرلىرىدا جانلانغان دالا،
.جىگدىلەر چۆمۈلدى چاچقان پۇراققا
گۈپۈلدەپ ئۇرۇلغان جىگدىنىڭ ھىدى،
.ھالقىپ تەگرىتاغدىن كېتەر يىراققا
ئۆتمۈشتە بۇ ئانچە قەدىم چاغ ئەمەس،
.قەشقەردىن چىققاندى بىر ئۇيغۇر قىزى
ئىسمىدۇر ئىپارخان ، گۈزەللىكتە ئۇ،
.پۇراقلىق ئىچىلغان چېچەكنىڭ ئۆزى
بوزەك قىلىپ بولامدۇ باتۇر مىللەتنى،
.ئىپارخان شۇلارنىڭ ياخشى ئۈلگىسى

(نەزىرە مۇھەممەد سالىھ)

يۇقۇرىدىكى ئىپارخاننىڭ رەسىمىنى _ جۇڭگو
تارىخى موزېي تەتقىقاتچىسى،جۇڭگو رەسساملار
جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى،جۇڭگوچە رەسىم زىننەتلەش
ئىلمي جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى،بېيجىڭ
جۇڭگوچە قولىيازمىلار ئىلمي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن
.سىزغان (王 雁)جەمئىيەت باشلىقى ۋاڭ يەن
بۇ رەسسام توغرىلىق يازغان تەرجىمەم ئانچە مۇۋاپىق
بولمىدى. تورداشلارنىڭ تۈزىتىپ قويۇشىنى ياكى
.تۈزىتىپ ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن
خەنزۇچىسى:
(中国历史،博物馆研究员、中国美术家协会
会员、中国工笔重彩画学会理事、北京工笔

书学会副会长 )
[ بۇ يازما تەرپىدىن دە قايتا تەھرىرلەنگەن ]

چوققا
• ئىنكاس
• رەقل

يوللانغان ۋاقتى: 45كۈن بۇرۇن قەۋەت-4
چوك | ئاپتورنىڭكىنى كۆرۈش
چوڭ نورمال كىچىك كىچىكلىگى:

ئەجرىڭىزگە مىڭ رەھمەت قىرىندىشىم بۇنى قەتئى ساقلىۋالىمەن .

**kumluk138**

دەرىجىسى: يۈز بېشى

•

ئاپتورنىڭ ماتىريالى

• قىسقا ئۇچۇر
يوللاش
• دوستلۇققا
قوشۇش
•

QQ

UIDنومۇرى: 7523
جەۋھەر يازمىسى: 0
يوللىغان

چوققا
• ئىنكاس
• نەقىل

83 :يازمىسى
نومۇر 507 : شرۆھرىتى
سوم 840 :پۇلى
نومۇر 0 :تۆھپىسى
توردىكى ۋاقتى:
(31)سائەت
تىزىملاتقان
ۋاقتى: 2008-12-17
ئاخىرقى كىرگەن
ۋاقتى: 2009-03-10

**uiguria**

دەرىجىسى: لەشكەر

•

ئاپتورنىڭ ماترىيالى

- قىسقا ئۇچۇر يوللاش
- دوستلۇققا قوشۇش

UIDنومۇرى: 2662
جەۋھەر يازمىسى: 0
يوللىغان يازمىسى: 7
نومۇر 43 :شۆھرىتى

يوللانغان ۋاقتى: 45كۈن بۇرۇن قەۋەت-5
چوڭ | ئاپتورنىڭكىنى كۆرۈش
چوڭ نورمال كىچىك :كىچىكلىگى

جاپا چېكىپسىز ، ھەقىقەتەن ۋاقىت ئاجرىتىپ كۆرۈشكە ئەرزىگۈدەك تېمىكەن . رەھمەت سىزگە!!!!!!!!!

چوققا
- ئىنكاس
- نەقىل

پۇلى: 70 سوم
تۆھپىسى: 0 نومۇر
توردىكى ۋاقتى: (9)سائەت
تىزىملاتقان ۋاقتى: 2008-06-12
ئاخىرقى كىرگەن ۋاقتى: 2009-02-10

**uyghur qizi**



دەرىجىسى: شەرەپلىك ئەزا

• ئاپتورنىڭ ماتېرىيالى

قىسقا ئۇچۇر

يوللانغان ۋاقتى: 43كۈن بۇرۇن قەۋەت-6
چوڭ | ئاپتورنىڭكىنى كۆرۈش
چوڭ نورمال كىچىك :كىچىكلىگى

نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋ (ئۇيغۇر بالىسى)

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى دېموكراتىك ئەدىب _ نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت ئوغلى ( ئۇيغۇر بالىسى ) يېڭى دەۋر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە زور تۆھپە قوشقان . بۇ زات 1887 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غالجات يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ، 1950 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىدە ۋاپات بولغان . « ئۇيغۇر بالىسى » ئۇنىڭ مەتبۇئاتتىكى تەخەللۇسى بولۇپ ، ئۇ بۇ تەخەللۇسنى 1911 - يىلدىن باشلاپ «شورا» ژورنىلىدا رەسمىي قوللانغان . «شورا» ژورنىلى روسىيىنىڭ قازان شەھىرىدە 1910 - يىلدىن 1918 - يىلغىچە نەشر قىلىنغان ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى چاغاتاي ( ئۇيغۇر ) تىلىدا چىقىدىغان بىردىنبىر ئايلىق ژورنال بولۇپ قالغان . نەزەر خوجا بۇ ئاممىباب ، پەننىي ، ئەدەبىي ژورنال

سەھىپىسىدە « ئۇيغۇر بالىسى» ئىمزاسى بىلەن 11 -
ئەسىردىكى ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «
قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى تونۇشتۇرۇپ ماقالە يازغان . بۇ
ماقالە بېسىلغان « شورا» ئەينى يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە
. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغىچە تارقالغان
شورا» ژورنىلىدا « ئۇيغۇر بالىسى» نامى بىلەن ئۆكتەبىر »
ئىنقىلابىغا قەدەر 20 نەچچە پارچە ماقالە بېسىلغان، بۇ
ماقالىلەرنىڭ مۇھىملىرى : «تارانچىلاردا مۇئەللىم ۋە مەكتەپ
مەسىلىسى» ، « يۈسۈپ سەككاكى ھەققىدە» ، «مۇسۇلمانلار
ئارىسىدا ئىلىم تارقىتىش ھەققىدە مۇلاھىزىلەر» ، «قەشقەر
ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ۋە كونا
نىڭ <شورا >كىتابلار» ، « ئۇيغۇر بالىسى بىلەن
. سۆھبەتلىرى» قاتارلىقلار بار
نەزەر خوجا ئۇيغۇر بالىسى 1915 - يىلى «تارانچى
تۈركلىرىنىڭ تارىخى» ناملىق رىسالىنى يېزىپ چىققان، 1923
- يىلى «نوزۇگۇم» ھېكايىسىنى يېزىپ چىققان . بۇ ئىككى
رىسالە ھازىرغىچە قازان ئۆلكىسى لېنىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
كىتابلار فوندىدا ساقلانماقتا . ئۇيغۇر بالىسى ئۆكتەبىر
ئىنقىلابىي يىللىرىدا ، يەنى 1918 - ، 1920 - يىللىرىدىكى
ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ۋە سابىق سوۋېت مەتبۇئاتىدا لېنىن
ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېڭى
مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيەتلىرىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان .
1918 - يىلى ۋېرنىي ( ئالما - ئاتا )دا قۇرۇلغان يەتتە سۇ
ئۆلكىلىك ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ بيۇروسى قارىمىقىدىكى
ئىلمىي كومىتېتقا رەھبەرلىك قىلىپ ، «بىرىنچى چامدام»
ناملىق تۇنجى ئەدەبىي توپلام ( 1924 - يىلى )نى نەشىر
قىلدۇرغان . 1923 - يىلى «نوزۇگۇم» پوۋېستىنى نەشىر
قىلدۇرغان . بۇ ئەسەر شۇ يىللاردا دراممالاشتۇرۇلۇپ
سەھنىلەردە كۆپلەپ ئوينالغان ۋە خېلى تەسىر قوزغىغان

يوللاش
دوس
تلۇققا
قوشۇش
UID
17 :نومۇرى
85
جەۋھەر
:يازمىسى
2
يوللىغان
:يازمىسى
117
:شۆھرىتى
324 نومۇر
115 :پۇلى
سوم 0
:تۆھپىسى
نومۇر 0
توردىكى
:ۋاقتى
69(سائەت
)
تىزىملاتقان
20 :ۋاقتى
08-04-
12
ئاخىرقى
كىرگەن

ھەمدە بۇ ئەسەر رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان . ئۇيغۇر تىلىدىكى « كەمبەغەللەر ئاۋازى» ( 1921 - 1930 ) ، « ياش ئۇيغۇر» ( 1922 - يىلى ) ، « كۆمەك» ( 1918 - 1919 ) ، «ئۇچقۇن» ( 1920 - يىلى ) قاتارلىق گېزىت - ژورناللاردا شېئىر - ھېكايىلىرى كۆپلەپ بېسىلغان . « كېمىچىگە» ، «سەھرا قىزى» ، «ئىنقىلابچى ئۇيغۇر ياشلىرى» ، «ئۇيغۇر ئېلى» تېمىسىدىكى شېئىرلىرى يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزگىچە ئۇسلۇب ياراتقان نەپىس ، يېقىملىق ناخشىلارغا ئوخشايدۇ . «بەخت - تەلەي مەسىلىسى» ، « ۋىسال» ، «ئوماق بىلەن ئامراق» ، «كوچا پارىگى» ، «بىزنىڭ ئوچاق» ، «نوزۇگۇم» قاتارلىق نەسرىي ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيانقى داۋام قىلىپ كەلگەن ئۆرپ - ئادىتى ، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى نەپىس تىل ، بەدىئىي ۋبرازلار بىلەن ئاممىباب ، چۈشىنىشلىك قىلىپ بايان قىلىنغان .

ئۇنىڭ «ئوماق بىلەن ئامراق» ھېكايىسى 1921 - يىلى غالجاتتىكى ھۆسەيىن يۇنۇس مەتبەئەسىدە ئۇيغۇرچە ( كىتابچە شەكلىدە ) نەشىر قىلىنغان . بۇ ھېكايىدا 1880 - يىللاردىكى ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ روسىيە تەۋەسىگە كۆچۈش مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئاساس قىلىپ يېزىلغان . بۇ ھېكايىنىڭ 1921 - يىلى غۇلجىدا بېسىلغان نۇسخىسى ھازىر ئالما - ئاتادىكى پېشقەدەم ئۇيغۇر يازغۇچىسى جامال بوساقوۋنىڭ شەخسىي كىتابخانىسىدا ساقلانماقتا . ئەنە شۇ نۇسخا يېقىنقى يىللاردا ئالما - ئاتادا ئۇيغۇر تىلىدا قايتا نەشىر قىلىنغان . نەزەر خوجا ئۇيغۇر بالىسىنىڭ ئاتا - ئانىسى كۆچ - كۆچ دەۋرىدە يەتتە سۇغا كۆچۈپ بارغان . ئۇيغۇر بالىسى 1913 - يىلى يەتتە سۇدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا زىيارەت قىلىپ كەلگەن . 1914 - يىلى يەتتە سۇغا قايتىپ بېرىپلا «بىزنىڭ تۇرمۇش» ، «ئالتە شەھەرگە سەپەر» ناملىق ماقالىلىرىنى «شورا» دا ئېلان

قىلغان . بۇ ماقالىلەردە ئەينى زامانىدىكى ئاقسۇ ، قەشقەردىكى رېئاللىق ئىنكاس قىلىنغان ھەم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى نورۇزنى خاتىرىلەش ئادەتلىرى تىلغا ئېلىنغان .
نەزەر خوجا ئۇيغۇر بالىسى كېيىنكى يىللاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ستالىن يۈرگۈزگەن چېكىدىن ئاشقان « سول» ھەرىكەتلەرگە نارازى بولغانلىقتىن ، «تار مىللەتچى» ، «بۇرژۇئا زىيالىسى» دەپ ئەيىبلەنگەن . ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئەسلى ئىلىلىق بولغاچقا ، 1929 - يىلى ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ ئىلى ۋىلايىتىگە قايتىپ كېلىپ جاغىستايغا ماكانلاشقان .
30 - يىللاردا ئاقارتىش ساھەسىدە ئىشلىگەن ، جاغىستاينى مەدھىيىلەيدىغان نۇرغۇن شېئىرلارنى ۋە «خۇشتۇرخان» تېمىسىدا داستان يازغان . «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى » يىللىرىدا ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان . نەزەر خوجا ئۇيغۇر بالىسى 1950 - يىلى قىشتا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان ، ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىرقى (خۇنخاي مازىرىدا .(مەھمۇد زەيدى

سادىر

پالۋان




سادىر پالۋان 1798- يىلى ھازىرقى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ مولتوختىيۈزىدىكى يانچى ئەخمەت قارىقاش ئائىلىسىدە تۇغۇلدۇ.

يىلى 10- ئايدا چىڭ ئوردىسى ئىلىدا جاڭجۈن 1762- مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭغا بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. ئىلى جاڭجۈنگە قاراشلىق مانجۇ چېرىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىنى ھەمدە ھەر قايسى شەھەرلەردىكى مانجۇ مۆلكىي، ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ تەمىناتىنى قامداش، ئۇلارنى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىن ئۆزگە خەۋپلىك

دەپ قارالغان كىشلەردىن بىرىنچى قېتىمدا 6000، ئىككىنچى قېتىمدا 2000جەمئىي 8000 تۆتۆننى ئىلىغا يانچى قىلىپ پالايدۇ. سادىرنىڭ دادىسى ئەخمەت ئاشۇ بىرىنچى قېتىم كۆچۈرۈلگەن تۆتۆننىڭ بىرى ئىدى.
شۇ چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا پالانغانلار ئەڭ يېقىن يول دەپ ھېسابلىنىدىغان مۇزداۋان يولى بىلەن ئىلىغا كۆچۈرىلىدۇ. كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان بۇ مۇز داۋاندا دەھشەتلىك ھاڭ، يوشۇرۇن مۇز - قار ئۆڭكۈرلىرى، مۇز يېرىقلىرى بار ئىدى. ئالدىنقىلار ماڭغان يولىغا مۇز، تاش پارچىلىرىنى بەلگە قىلىپ قوياتتى. كېيىنكىلەر شۇ ئىز بىلەن ماڭاتتى. بۇ ئېگىز مۇز تاغ ئۈستىگە ئەتىگەن سائەت تۆت بىلەن داۋان يولىغا ماڭغان ئادەملەر داۋانچىلار مۇزنى چوقۇم ياسىغان پەلەمپەيلەرگە كىگىز ، پالاس ۋە جۇۋا، چاپانلاردىن سېلىپ ئات - ئېشەكلەرنى ( تۆگە ماڭالمايتتى ) ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرى داۋانچىلارنىڭ ياردىمىدە مۇز داۋان ئۈستىگە چىقاتتى. داۋان ئۈستى بىردەم - بىردەم ئاق - قارا بۇلۇتلار ۋە قېلىن قارلار بىلەن قاپلىنىپ ئۈچ مېتىر ئالدىدىكى نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بۇنداق چاغلاردا ئادەم ئۇلارغا چوڭقۇر ھاڭلارغا چۈشۈپ كېتەتتى. ھاۋا ئوچۇق بولغان چاغلاردا، ھاڭدىن غۇلاپ كېتىپ ئۆلگەن ئات - ئۇلاغ، ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرى، سودىگەرلەرنىڭ مال - مۈلۈكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
شۇ قېتىمقى كۆچ- كۆچتە نۇرغۇن كىشلەر مۇز داۋاندا ئىس - تۈتەك ئېلىپ كېتىپ ، مۇزلاپ، ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلگەن ئىدى. شۇڭا مۇز داۋاندىن ساق ئۆتەلىگەن بىچارە كىشلەر ئۆزلىرىنىڭ تارتقان چەكسىز دەرد - ئەلەملىرىنى مۇنداق قوشاق بىلەن ئىپادىلەشكەن ئىدى:

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
غېرىپنىڭ يولىنى باغلار.

غېرىپ ئۆلسە كىم يىغلار،
غېرىپقا غېرىپ يىغلار.

يانچىلار ئىلىغا چىققاندىن كېيىن دەسلەپ قوتان تام دېگەن جايغا ئورۇنلاشقان. كېيىن ئىلى دەرياسى بويىدىكى قايىنۇق، قاش، بولغۇجىر، جىرغىلاڭ، تاش ئۆستەڭ، بالتۇقاي، خۇنخاي، دادامتۇ، ئارا ئۆستەڭ قاتارلىق ئۇيغۇر مەھەللىلىرىگە تارقاق ئورۇنلاشقان ئىدى. سادىرنىڭ دادىسى ئەخمەت دەسلەپ ئارا ئۆستەڭگە تەقسىم قىلىنىدۇ. كېيىن ئۇ خوتەن قارىقاشلىقلار ئورۇنلاشقان خوتەن مەھەللىسىگە كۆچۈپ كېلىدۇ. بۇ مەھەللە كېيىن « قاش مەھەللىسى » دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
يۇقىرىقى جايلارغا ئورۇنلاشقان ئۇيغۇرلار مانجۇ ئىستىبداتلىرى تەرىپىدىن ئۆستەڭ چېپىپ قاغچىرىغان باياۋانلار، چۆل - جەزىرىلەرگە سۇ چىقىرىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۆي - ماكانسىز بۇ جەزىرىدە ئېغىر ئەمگەك قىلغۇاتقان ئۇيغۇرلار بالا - چاقىلىرى بىلەن ئوچۇق - يوروق دالىلاردا ھايات كەچۈرىدۇ. ئۆستەڭ چېپىش زۇلۇمىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئۇلار تۆۋەندىكى قوشاقلار بىلەن بايان قىلىدۇ:

ئۆستەڭنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپسا كەتكەن ئۆتمەيدۇ.
مانجۇ تۇڭچىسى بەگلەر،
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.

مانجۇ ئىستىبداتى يانچىلارنى قورغان سوقۇش، ئۆي سېلىش قاتارلىق ھەر خىل ھاشار - سېلىقلارنى ئادا قىلىشقا مەجبۇرلاپلا قالماستىن، بەلكى، ئۇلارنى يەر تېرىپ، مانجۇ دائىرىلىرىگە ئاشلىق سېلىقى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. دەسلەپتە مانجۇلار ھەر بىر تۆتۈندىن 16خو، كېيىنرەك

32خودىن ئاشلىق سېلىق سالىدۇ. پۈتۈن ھوقۇق مانجۇ ھاكىمىيىتىدە بولۇپ، ئەمەلدارلار ھەر خىل يول بىلەن پارە ئېلىپ قاقتى - سوقتى قىلىدۇ. مانجۇ ئەمەلدارلىرىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى تىزلىنىپ تازىم قىلاتتى. مانجۇلارنىڭ مۇشۇنداق زورلۇقى ئاستىدا بىر ئەسىردىن كۆپرەك ئازاپ چەككەن ئۇيغۇرلار مۇشۇ قوشاقلارنى ناخشىغا قېتىپ ئېغىر كۆنلەرنى بايان قىلىدۇ:

جاننى چىرتىپ ئەتتى،
ئالۋانچىلارنى دەرەي.
جاندىن تويۇپ كەتتى،
تۈكچىلارنى زەرەي.

سادىر كىچىكىدىن شوخ - تېتىك، خۇشخۇي ۋە جاسارەتلىك چوڭ بولغان. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ جاپا - مۇشەققەتتىمۇ ، راھەتتىمۇ ئائىلىسى ۋە خەلق بىلەن بىللە بولغانلىقى ئۈچۈن زالىمغا بولغان غەزەپ - نەپرىتى، ئېزىلگۈچى خەلقلەرگە بولغان سۆيۈنىشى كىچىكىدىن پىشىپ يېتىلگەن. ئۇ ھەر قېتىم خەلقنىڭ دەرد - ئەلەم بىلەن تولغان مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى ئاڭلىغاندە غەزەپكە تولسا، ئەركىنلىككە تەلپۈنگەن باتۇر ھەركەتلىرىنى كۆرگەندە ئۆز غايىسىنى يېتىلدۈرۈشكە بەل باغلىغان.پىشقەدەملەرنىڭ بايانىغا قارىغاندا سادىر ئىگىز بويلۇق، كەڭ كۆكسلىك، غەيرەت - جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ھېچنەرسىدىن قورقمايدىغان، ناھەق ئىشلارغا چىداپ تۇرالمايدىغان، ھەققانىيەتچى كىشى ۋە ئۇستا قوشاقچى ئىدى. سادىر قاتمۇ قات زۇلۇمغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن، ئېغىر ئالۋاڭ - ياساقنى تاپشۇرالمىغانلارنىڭ ھالىغا يېتىپ، مەزمۇملار تەرەپتە تۇراتتى. شۇ چاغدا ئالۋاڭ - ياساقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چۆل - جەزىرىلەرگە قېچىپ

كەتكەنلەر ئاز ئەمەس ئىدى. زالىملار ئۇلارنى «قاچاقلار» دەپ ئاتايتتى. ئۇلارنى تۇتماقچى بولسا، سادىر ئۇلارنى ھىمايە قىلاتتى. سادىر ئاخىر بۇ «قاچاقلار» نى قوزغاپ ئوقيا، نەيزا، ئايپالتا، چوماق ۋە قىلىچ بىلەن قوراللاندۇرۇپ، مانجۇ چېرىكلىرى بىلەن ئېلىشىدۇ. شۇ كۈنلەردىن باشلاپ «سادىر پالۋان» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىلى جاڭجۈنى كۆپ قېتىم سادىرنى تۇتۇش ھەققىدە پارمان چۈشۈرىدۇ. خەلق سادىر تەرەپتە تۇرىدۇ. سادىرنىڭ تۇتۇلۇپ قالغان ۋاقىتلىرىمۇ بولىدۇ. ئۇ زىندانغا قامالغان ۋاقىتلىرىدا ئۇستىلىق بىلەن قېچىپ چىقىپ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مانجۇ ئىستىبداتى بىلەن قىلغان كۈرەشلىرىنى مۇنداق دەپ قوشاققا قاتقان ئىدى:

سادىر دەپ ئېتىم يامان،
ئۇنبەش ياشتا ئاتالغان.
دەسلەپ تۇتۇلغاندا،
قومۇل ۋاڭغا پالانغان.

يامۇلنى تېشىپ قويۇپ،
ئىككى چىقتىم تالاغا.
مېنى باققان بەش يايى،
ئەمدى قالدى بالاغا

مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى خەلق قوزغىلىڭى 19-ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدىن باشلاپ ئالدى بىلەن خەنزۇ خەلقىدىن باشلىنىدۇ. 1863- يىلىنىڭ ئاخىرىدا گەنسۇ، شەنشى، نىڭشىيا ئۆلكىلىرىدىكى خۇيزۇلار ئارىسىدا ۋە 1864-يىلى شىنجاڭنىڭ شىمالى، جەنۇبىدىكى جايلاردا قوزغىلىدۇ. ئىلى ۋىلايىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قوزغىلىڭى دەل شۇ چاغدا

باشلىنىدۇ. سادىر پالۋال ئىلى ۋىلايىتىدە پارتلىغان
.قوزغىلاڭنىڭ قاتناشقۇچىلىرىدىن بىرى ئىدى
يىلى 3000دىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى غۇلجا  1861-
شەھىرىگە ئىككى قېتىم ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىدۇ، شەھەر
خەلقى ئىچىدىن ماسلىشىدۇ. نەتىجىدە ئون كۈنلۈك
.ئۇرۇشتىن كېيىن غۇلجا شەھىرى ئازاد قىلىنىدۇ
ئىيتىشلارغا قارىغاندا سادىر پالۋان 1864- يىلى
چىلپەڭزىگە ھۇجۇم قىلغاندا 40 ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىگە
باغلانغان شامنى ياندۇرۇپ قويۇپ، قۇيرۇقىغا پوجاڭزا باغلاپ ئوت
تۇتاشتۇرۇپ چىلپەڭزىگە قارىتىپ قويۇپ بەرگەن، شام يورىقى
ۋە پوجاڭزىنىڭ ئېتىلىشىدىن چۆچىگەن چىلپەڭزا ئامبىلى
تېزلا تەسلىم بولغان. باياندايي ئۇرۇشىدا سادىر پالۋان ئۆزىنىڭ
ئۈچ ئوغلى بىلەن سىپىلنىڭ ئاستىغا لەخمە كولاپ بىرىپ دورا
كۆمۈپ سىپىلنى پارتلىتىدۇ. بۇ چاغدا 5000 دىن ئارتۇق
قوزغىلاڭچى سىپىلدىن پەيدا بولغان يوچۇقتىن قەلئە
ئىچىگە بېسىپ كىرىپ، سىپىلنى مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ
.قولىدىن تارتىۋالىدۇ
يىلى ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى ئىلى تارانچى  1867-
سۇلتانلىقىنى قۇرىدۇ. بۇ چاغدا ياشىنىپ قالغان سادىر پالۋان
ئۆز يېزىسى مولتوختىيۈزىگە قايتىپ  كېلىدۇ ۋە تۆت يىل
.ئۆتۈپ 1871- يىلى كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولىدۇ
خەلق ئۆزىنىڭ بۇ سەممىي باتۇر پەرزەنتى ئۈچۈن قاتتىق
قايغۇرىدۇ. ئۇنى داۋاملىق ئەسلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ
قوشاقلىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇپ بۈگۈنگىچە ياد ئېتىپ
(كەلمەكتە. (شېرىپ خۇشتار
(سادىر پالۋان ئۆڭكۆرى(رەسىم مەنبەسى: ئىزدىنىش



(سادىر پالۋان قەۋرىسى(رەسىم مەنبەسى: سەلكىن




ئۆمەر

ھەييام




ئۇلۇغ ماتىماتىك، مۇتەپەككۇر زەبەردەس ئۇغلان شائىر ئۆمەر ھەييام (1040 -1121)نىشاپۇردا تۇغۇلغان.ئۇ شۇ يەرلەردىكى مەدرىسلەردە ئوقۇپ 11-ئەسىردىكى ئەڭ يىتۇك ئالىملارنىڭ بىرى بولوپ قالغان.ئۇ سالجۇقلار سۇلالىسىدىن مالىكشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە باشقا ئاسترونوملار بىلەن بىرلىكتە كالىندارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىگە يىتەكچىلىك قىلغان. ئۇ پەلسەپە مەسىلىسىدىمۇ تۈرلۈك ئالىملار بىلەن مۇزاكىرە ئىلىپ بارغان.

ئەمما ئۇ ئەدەبىيات جۈملىدىن رۇبائىيچىلىقتا ئالاھىدە يۇقۇرى ئورۇنغا ئىگە ئىسيانكار شائىردۇر. ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس، ئەمما ئۇ يازغان رۇبائىيلار

مەيلى ئەدەبىيات نوقتىنەزەردىن بولسۇن مەيلى پەلسەپۋى
نوقتىدىن بولسۇن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.ئۇ
ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئەدەبىي ماھارىتى،كۆپ تەرەپلىمە بىلىمى
بىلەن ئۆز كۆز-قاراشلىرىنى ھېچقانداق بىر گۇرۇھ،مەزھەپ
ھاكىمىيەتنىڭ دۇمبىقىنى چالمىغان ئاساستا ئوتتۇرىغا
قويدى.
ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىنىڭ ھەر بىر مىسراسىدا ئۆمەر ھەييامغا
خاس پەلسەپەۋى ۋە جەمئىيەت مەسىلىلىرى بىلەن
تويۇنغان ئىسيانكارلىق روھ پۇراپ تۇرىدۇ.ئۆمەر ھەييام
رۇبائىيلىرىدىكى ئىسيانكارلىق غەرب ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى
خېلى بۇرۇنلا تارتقان .ھازىرغىچە دۇنيادا 350تىلغا تەرجىمە
قىلىنغانلىقى مەلۇم. ئەڭ دەسلەپتە 1867-يىلى فرانسوزچە
نەشرى نىكولاس دېگەن ئەدىبنىڭ تەرجىمە قىلغان
نۇسخىسى پارىژدا نەشىر قىلىنغان ،دېمەك ئۆمەر ھەييام شەرق
ئەدەبىياتىدا بولۇپمۇ شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئورنىنى
تولدۇرۇش ۋە يېتىشۋىلىش تەس بولغان شائىر، پەيلاسوپ.
ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىنىڭ قىممىتى زامان ۋە ماكان دائىرىسىدىن
ھالقىپ بۈگۈنكى دەۋردىمۇ دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدە
ئۆزىنىڭ قىممىتى بىلەن قولدىن قولغا ئېلىنىپ ئەتىۋارلىنىپ
(كەلمەكتە. (تۇردىبەگ مۇھەممەدبەگ

ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى

: چۈشۈمدە ماڭا بىر دانىشمەن دېدى
ئۇيقۇدا بەختىن گۈل ئېچىلمىدى ،
سەن نىچۈن ئۆلۈمدەك بىر ئىش بىرلە
بەنت ؟
ئىچ شاراپ ! ئۇخلايسەن يەردە
! ئەبەدى

قولۇمدا بولسۇن ئۇ ئۈزۈم شەربىتى،
بېشىمدا بولسۇن ئۇ يار مۇھەببىتى.
دېيىشەر: ھەق ساڭا تۇۋا بەرسۇن
كۆپ،
بەرسە ھەم يوق ئاڭا كۆڭلۈم رىغبىتى.

تۇغۇلدۇم پەلەككە يەتتىمۇ پايدا؟
مەن ئۆلسەم ئابرويى ئۆسمىكى قايدا؟
ھېچ كىشى يېشىپمۇ بىرەلمەي ئۆتتى،
كېلىش ۋە كېتىشنىڭ سەۋەبى قايدا؟

مەي ئىچسەڭ ئەقلۇ دانا بىلەن ئىچ،
ياكى بىرگۈل يۈزلۈك رەنا بىلەن ئىچ
ئاز-ئازئىچ،گاھ-گاھ ئىچ،ھەم يوشۇرۇن
ئىچ،
ئەزمە مەست بولما،ھايا بىلەن ئىچ

ساق چاغدا مېنىڭدىن خوشاللىق
يىراق،
مەست بولسام ئىقلىمدىن ئاجرايمەن
بىراق.
مەستلىك ۋە ھوشيارلىق ئارىسى -
جەريان،
ھايات شۇ ئاڭا قۇل بولغان ياخشىراق.

تاتاتۇڭا

موڭغۇللار جۇڭگونىڭ شىمالى ، موڭغۇل يايلاقلىرىدا شەكىللەنگەن مىللەت . ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى تاڭ سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيە 618-907-يىللار) دە موغۇل شىرۋېي دېگەن نام بىلەن رەسمىي سىياسىي سەھنىگە چىققان . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار موڭغۇل يايلىقىدا ئىلگىرى-كېيىن دەۋران سۈرگەن ھاكىمىيەتلەردىن تۈرك خانلىقى (مىلادىيە 552-744-يىللار) ، ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىيە 744-840يىللار) ۋە قىتان خانلىقلىرىغا تەۋە بولۇپ ، بىر زامانلارنى ئۆتكۈزگەن .
ئومۇمەن مىلادىيە 13-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە موڭغۇل قەبىلىلىرى كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان قەبىلىلەر ئىتتىپاقى باسقۇچىدا ئىدى . 12-ئەسىرنىڭ ئاخىرى تېمورچىن دېگەن بىر ئەزىمەت دۇنياغا كېلىپ ، موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە كىرىشكەن ، 1206-يىلى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ چوڭ قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ ، تېمورچىن «چىڭگىزخان»(ئالەمنىڭ خانى ، دېڭىزدەك خان دېگەن مەنىدە) نامىدا ئاتىلىپ ، موڭغۇل دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان . شۇنىڭ بىلەن شەرقتە ھىنگان تاغلىرى ، غەربتە ئالتاي تاغلىرى ، شىمالدا سىبىرىيە تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ، جەنۇپتا غوبى چۆللۈكى قاتارلىق زىمىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈچلۈك بىر ئىمپېرىيىنىڭ ئاساسى شەكىللىنىشكە باشلىغان . ئەمما ، موڭغۇل قەبىلىلىرى شۇ كەمگىچە يېزىق ئىشلىتىش دەۋرىگە قەدەم قويمىغان .
موڭغۇللار دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم يېزىق ئىشلەتكەن . بۇ يېزىق دەل «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» ئىدى . «جۇڭگو بۈيۈك ئىنسىكلوپېدىيىسى، جوڭگو تارىخى» تومىدا مۇنداق يازغان : «ئۇيغۇرلار ناھايىتى بۇرۇنلا ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىنى ئىشلەتكەن . ئۇيغۇر زىيالىلىرى دائىم باشقا مىللەت

ھۆكۈمدارلىرى تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنىپ ئىشلىتىلگەن .
نايمان خانى تاياڭخان (塔塔统阿)مەسىلەن: تاتاتۇڭا
(كۈنخان) تەرىپىدىن ئۇستازلىققا تەكلىپ قىلىنىپ ، ئاقچا ۋە
ئاشلىق كىرىم-چىقىم قىلغاندا مۆھۈرىنى باسقان . كېيىن
چىڭگىزخاننىڭ يارلىقىغا بىنائەن شاھزادىلەرنى تەربىيەلەش
». ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان
موڭغۇللارغا يېزىقنى ئەنە شۇ مەشھۇر سىياسىئون ،
تىلشۇناس تاتاتۇڭا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد
قىلىپ بەرگەن . سىڭولىيەن (1310---1381) تەرىپىدىن
يېزىلغان «يۈەننامە ، تاتاتۇڭا تەزكىرىسى» دە بۇ ۋەقە
تەپسىلىي خاتىرلەنگەن : مىلادىيە 1204-يىلى چىڭگىزخان
ئالتاي ۋادىسىدا تۇرۇۋاتقان نايمانلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن
نايمان خانى تاياڭخاننىڭ ئوردىسىدا مۆھۈردارلىق قىلىۋاتقان
ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدىن بولغان تاتاتۇڭانى تۇتۇۋالغان .
تاتاتۇڭا زىرەك ، سۆزمەن ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ يېزىقىغا ئۇستا
بولغاچقا ، نايمان خانى ئۇنى ئۇستاز تۇتقان ھەمدە ئۇنىڭغا
ئالتۇن تامغا تۇتقۇزۇپ ، پۇل ، ئاشلىق باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى
تاپشۇرغانىدى . چىڭگىزخان نايماننى مۇنقەرز قىلغاندا ، تاتاتۇڭا
تامغىنى ئېلىپ قاچقان . ئۇ تۇتۇۋېلىنغاندا ، چىڭگىزخان
ئۇنىڭدىن :«تاياڭخاننىڭ پۇقرالىرى ھەم زېمىنى پۈتۈنلەي ماڭا
مەنسۇپ بولدى . تامغىنى ئېلىپ نېمە قىلماقچىدىڭ » دەپ
سورىغان . تاتاتۇڭا :«تاياڭخاننى تېپىپ بۇنى ئۆزىگە
قايتۇرماقچىمەن ، باشقا غەرىزىم يوق » دەپ جاۋاپ بەرگەن .
چىڭگىزخان :«دىيانەتلىك ، ۋاپادار ئادەم ئىكەنسەن» دىگەن .
ئاندىن : «تامغىنى نىمىگە ئىشلىتىدۇ؟» دەپ سورىغان . ئۇ :
«پۇل ۋە ئاشلىقنى چىقىم قىلغاندا ، كىشىلەرنى خىزمەتكە
تەيىنلىگەندە ھەم باشقا ھەممە ئىشتا ئىناۋەت بەلگىسى
سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ » دەپ جاۋاپ بەرگەن . تاتاتۇڭا
چىڭگىزخاننىڭ دىتىغا يېقىپ قالغان ھەم ئۇنى ئۆز يېنىدا

ئېلىپ قالغان . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن موڭغۇللاردا پەرمان ۋە يارلىقلارغا تامغا ئىشلىتىش باشلانغان . چىڭگىزخان تامغىنى يەنىلا تاتاتۇڭاغا تۇتقۇزغان . چىڭگىزخان يەنە پەرمان چىقىرىپ تاتاتۇڭانى شاھزادە-ۋاڭلارغا ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىتىشكە ، ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن موڭغۇل تىلىنى يېزىشقا بۇيرۇغان



.

مانا شۇنىڭدىن باشلاپ موڭغۇللار «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» نى ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت يېزىقى قىلىپ ئىشلىتىشكە باشلىغان . تاتاتۇڭا دۇنيا يېزىق تارىخىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى . ئۇنىڭ نامى ۋە تۆھپىسى كىتاب-نامىلەردە تەكرار-تەكرار تىلغا ئېلىنغان.

تۆۋەندىكىسى «چىڭگىزخان ۋە تاتاتوڭا __ تارىختىكى ئۇيغۇر-موڭغۇل يېزىق مەدەنىيىتى توغرىسىدا»دېگەن بىر پارچە كىتاپنىڭ زاكاس توغرىسىدىكى ئېلانى ئىكەن.قوشۇمچە قىستۇرۇپ
قويدۇم



图 书 简 介

**书名：**成吉思汗与塔塔统阿---兼谈历史上的蒙维文化交流

[敦煌资料] / 樊保良

**ISBN：**

**作者：**樊保良 著

**出版社：**兰州 ： 丝绸之路文献叙录 兰州大学出版社

**年份：**1989

**页数和开本：** 300页 ； 26cm

**从编项：**

**题名：**

**主题：**敦煌资料

**中图分类号：**敦煌资料 **如需代寻本书，从页面右侧预定>>**

**一般附注：**

**内容简介：**

稀缺图书

普通图书

古籍：100

说明：根

姓名：

固话：

手机：

Email：

所在国家或

书名：成

作者：樊

出版社：

出版时间：

ISBN：




مول مەزمۇنغا ئىگە قىممەتلىك مەخسۇس ئەسەرلەرنىڭ
ئاپتورى بولغان ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى موللا ئارىپ خوتەنى ,
هازىرقى خوتەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئىلچىدىن
ئۈن
كىلومېتىر يىراقلىقتىكى لاسكۈي يېزىسىدا مىلادى 1564-يىلى
مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلۇپ , 91 يېشىدا ۋاپات بولغان .
مازىرى ھېلىمۇ ھەم لاسكۈي يېزىسىنىڭ دەڭ مەھەللىسىدە
بولۇپ , "سەردارى ۋەلىي يۇللا مازىرى" دەپ ئاتىلىدۇ . يەرلىك
. خەلق ئۇنى جانلىق تىلدا "سەرگەن مازار"دەپمۇ ئاتايدۇ
مەزكۇر ئالىم بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپ 20نەچچە
ياشلىرىغىچە خوتەندە ئۆز ئاتىسى موللا سەلىم ئاخۇنۇمدىن ۋە

شۇ دەۋرنىڭ ئالىمالىرىدىن ئىلمي نەھۋى (گىراماماتىكا) ,
ئىلمى شەرىف (سىنتاكىس) , ئىلمى
تەجۋىد(فونىتىكا) ,ئىلمى فىقھى(شەرىئەت ئىلمى), ئىلمى
تەفسىر , ئىلمي ھەدىس , ئىلمى مەنتىق ۋە ئىلمى تىن
قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگەنگەن . تىبابەت ئىلمىدە ھەر قايىسى
پەنلەرنى ئۆگىنىشكە , بولۇپمۇ يەككە دورىلارنىڭ تەبىئىتى ,
خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى ; مۇرەككەپ دورىلارنىڭ
لايىھەلەشتۈرۈلۈشى، ياسىلىشى , يەنى داۋاسازلىق ئىلمىنى
ئۆگىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ , خېلى يۇقىرى
سەۋىيىگە يەتكەن . ئالىم 28 ياشقا كىرگەندە بوۋىسى موللا
ئالىم داموللا ھەزرىتى ئۇنى تىبابەت ئىلمىدە تېخىمۇ يۇقىرى
بىلىمگە ئېرىشسۇن دەپ ، ئەينى زاماندا ھاجى ئىككىنجى
ئۇستاز ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ شاگىرتلىرىدىن دەپ قارالغان
يەكەنلىك تىببىي ئالىم ئۇلۇغ بەگ يەركەندىنىڭ ھوزۇرىغا
تىبابەت بويىچە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتكەن . ئالىم بۇ پىر
ئۇستاز ئالدىدا نەزىرىيە جەھەتتە ئۇيغۇر تىببىي ئالىمى
ئۇبۇلھەسەن قەرشىنىڭ مۇجىزىلقانۇنىنى , كېسەللىك
تەشخىسى (دىئاگنوزى)جەھەتتە شەرھى ئەسبابنى ,
كېسەللىك داۋالاش جەھەتتە ئەلقانۇننىڭ ئۇچىنچى
جىلتىنى , تەزكىرە تۇل ئەنتاكى ۋە فىردەۋسۇلھېكمەت قاتارلىق
كىتابلارنى ئۆگەنگەن ھەمدە تىبابەت ئىشخانىلىرى ۋە
داۋاسازلىق كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسىگە كىرىپ , ئەمەلىي
تىبابەت ساھەسىدە خېلى چېنىققان , كېيىن مەزكۇر پىر
ئۇستازىنىڭ ئەمرى بىلەن ھېندىستاننىڭ سەھەندى دىگەن
شەھىرىگە بېرىپ , ھەيدەر ئەلىخان ساھىب دىگەن تىبابەت
ئۇستازىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ يەنە 3 يىل بىلىم ئاشۇرغان .
ئۇيەردىن يەكەنگە قايتىپ , بىر مەزگىل پىر ئۇستازىنىڭ
خىزمىتىدە بولغاندىن كېيىن , يۇرتى خوتەن لايكۇسغا قايتىپ
كېلىپ ,خوتەن خەلقىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى

ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن ۋە نۇرغۇن قىممەتلىك
ئەسەرلەرنى يېزىپ ئۇيغۇر تىبابىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى
قوشقان . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىببىي ئالىمى موللا ئارىپ خوتەنى
ئەينى يىللاردا كۈندىلىك ئىشلىرى تەرتىپىنى زىچ
ئورۇنلاشتۇرۇپ , بىر تەرەپتىن چۈشتىن بۇرۇن ئايىغى
ئۈزۈلمىگەن بىمارلارنى بىر تەرەپ قىلسا ,يەنە بىر تەرەپتىن ,
چۈشتىن كېيىن شاگىرتلىرى ئېھ تالىپلارغا دەرس ئۆتكەن .
يەنە بىرتەرەپتىن كەچلىرى قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى
تەكۈنلەپ پارىسچە «گۈلدەستەئى ئافىيەت» (ساغلاملىق
گۈلدەستىسى), چاغاتايچە «تۈركى دەستۇرۇلئىلاج» (تۈركچە
داۋالاش قوللانمىسى«پارىسچە »مۇجەررەباتى ئارىف«ئارىف
ئارىپنىڭ تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسىپلىرى» (ئەرەپچە)،
«ئەسرارۇلنەبزى ۋەلبەۋلى ۋەلبىراز»تومۇرنىڭ ۋە (چوڭ -
كىچىك تەرەتنىڭ سىرلىرى), پارىسچە «رىسالەئى فەسەد ۋە
ھىجايەت » (قان ئېلىش , شەخەك قويۇش ھەققىدە رىسالە )
قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى يازغان . بۇ ئۇلۇغ زات خوتەن
دىيارى مىقياسىدىلا ئەمەس , بەلكى پۈتۈن تارىم ۋادىسى
دائىرىسىدىن كەلگەن نى -نى بىمارلاغا شىپالىق ئېلىپ
كەلگەن . نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن ۋە يۇقارقىدەك
نۇرغۇنلىغان بىباھا ئەسەرلەرنى يېزىپ , داڭلىق تىببىي ئالىم
بولۇپ تونۇلغان , ئالىمنىڭ بۇ تۆھپىلىرى ھازىرغىچە قەدەر
ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد تىللاردە داستان ، دىللاردا ياد ئېتىپ
كەلگەن .
بۇنىڭدىن بۇرۇن , بىز پەقەت مەزكۇر ئۇلۇغ ئالىمنىڭ بىر -
ئىككى ئەسىرى بارلىقىدىنلا ئاز تولا خەۋەر تاپقان ئىدۇق .
ئەمدىلىكتە بەزى دەسلەپكى ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق , ئۇنىڭ ئاز
دىگەندە 5~6 خىل ئاز تېپىلىدىغان مەخسۇس ئەسەرلىرى
بارلىقىنى بىلدۇق . ئەپسۇسكى كۆپ قىسمىنى تېخى
كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدۇق، ئىشىنىمىزكى ، مەزكۇر

گۆھەرلەر تېپىلسا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمى ساھەسىدىكى نۇرغۇن بوشلۇقلار تولدۇرۇلۇپ ، غايەت زور ئىلمىي كۈچنى نامايەن قىلغۇچى.
(داۋايى تور بېتى)

سابىت

داموللام

سابىت داموللام ئابدۇباقى كامالى 1883 - يىلى،ئاتۇشنىڭ ئازاق كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن . باشلانغۇچ دىنىي تەربىيىنى ئازاقتا چوڭ ئەلەم ئاخۇنۇم دېگەن كىشىدىن ئالغان. كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىستە ئوقىغان. 1910 - يىلى ئابدۇقادىر داموللام ھەم ماموت ئاخۇن داموللاملارنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن، بۇخاراغا بېرىپ يۇقىرى مەلۇمات ئالغان. 1914 - يىلى ئوقۇشىنى تاماملاپ داموللا بولۇپ يۇرتىغا قايتىش سەپرىدە، ئىلىغا كېلىپ سۈيدۈڭدە ئىسمائىل ھاجى دېگەن كىشىنىڭ قىزى رابىيە بىلەن تونۇشۇپ ئۆيلۈك بولغان. بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن،« رەستە ۋەقەسى»سەۋەبى بىلەن ئايالى رابىيە بىلەن ئاجرىشىپ، ئوغلى ئابدۇللانى ئايالىغا قالدۇرۇپ، قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن ھەمدە قەشقەرخانلىق مەدرىستە ئۇستازى ئابدۇقادىر داموللام ھەم مەسلەكدىشى شەمسىدىن داموللام بىلەن بىللە مۇدەررىسلىك قىلغان .

شەمسىدىن تۇردى داموللام (1874 -- 1934) سابىت داموللام بىلەن دېمەتلىك كىشى بولۇپ، ئاتۇشنىڭ تۆركۈل كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. قەشقەر ۋە بۇخارادىكى يۇقۇرى دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرىدا ھەم ئالىملاردا ئوقۇپ، ھىندىستان، ئەرەبىستاندىكى ئاتاقلىق ئالىملار بىلەن ئىلمىي سوھبەتلەردە بولغان، ئۇلارنىڭ چوڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. شەمسىدىن

داموللام سىستېمىلىق بىلىم ئالغان كىشى بولۇش
سالاھىيىتى بىلەن، دىني ۋە پەنني ئىلىم ساھەسىدە چوڭقۇر
ئىزدەنگەن. بولۇپمۇ تىل - ئەدەبىيات، مەنتىق (لوگىكا) ،
ئاسترونومىيە، شېئىرىيەت، تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا
قاتارلىق ئىلىملەردە كامالەتكە يەتكەن . « ئۇلموھا
توزمۇچەيىن » ، «مۇھىمماتىز - زەۋجەيىن » (ئاياللارغا دائىر
مۇھىم ئەخلاق - پەزىلەتلەر) قاتارلىق كىتابلارنى يازغان. 1910
- ۋە 1920 - يىللىرى شەمسىدىن داموللامنى پاناھ تارتىپ،
ئۇنىڭغا شاگىرت بولۇش ئۇچۇن قەشقەرگە كەلگەن.
مەسىلەن:خوتەندىن مۇھاممەت ئىمىن بۇغرا، غۇلجىدىن
تىيىپزات تاھىرى، ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر خانلىق مەدرىسكە
كىلىپ، شەمسىدىن داموللامدىن دىني ۋە پەنني ئىلىملەرنى
ئۆگەنگەن. تەجەللى بىلەن ئالاھىدە يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان
ھەم مۇشائىرە يېزىشىپ تۇرغان. دېمەك، غۇلجىدىن قايتىپ
كەلگەن سابىت داموللام قەشقەردە ئۇستازى ئابدۇقادىر داموللام
ۋە مەسلەكدىشى شەمسىدىن داموللام بىلەن ھەمكارلىشىپ،
قەشقەر تەۋەسىدە مۇتەئەسسىپلىككە، خۇراپاتلىققا،
قۇلچىلىققا، نادانلىققا، جاھانگىرلىككە قارشى ھەققانىي
. ھەركەتلەرنى تەشكىللىگەن
يىلى ئابدۇقادىر داموللام سۇيىقەستكە ئۇچرىغاندىن -1924
كېيىن، سۇيىقەستچىلەرنىڭ نىشانى سابىت داموللامغا
مەركەزلەشكەن. بۇنى سەزگەن سابىت داموللام 1925 - يىلى
ھەجگە بېرىش باھانىسى بىلەن ئىلىغا يېنىپ چىققان ھەم
ئىلىدىكى مەرپەتپەرۋەر، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ ياردىمى
بىلەن، 1927 - يىلى،«شىرىنكالام» دېگەن كىتابىنى تۇنجى
قېتىم كۆرەدە تاش مەتبەئەدە باستۇرغان. بۇ كىتابتا نۇقتىلىق
ھالدا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئەخلاق -
پەزىلەتلىرى سۆزلەنگەن. بۇ كىتاب كېيىن ھىندىستاندا
. بېسىلىپ تارقىتىلغان

سابىت داموللام دىنىي ئىلىملەردە ھەم تۈركچە، ئەرەپچە، پارسچە ئەدەبىياتنىڭ پۈتكۈل تۈرلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان بولغاچقا، مەزكۇر تىللاردا بەزىدە نەسرىي، بەزىدە نەزمىي بىلەن سۆزلەش، يېزىش كامالىتىگە يەتكەن. ئۇ 1927 - يىلىدىن باشلاپ، غۇلجا شەھرىدە دەڭ مەسچىتىدە «قۇرئان كەرىم» نى ئاغزاكى تەرجىمە قىلىپ، بۇ ئىشنى ئۈچ يىل داۋاملاشتۇرغان. يەنە بىر تەرەپتىن «ئىسلام قانۇنى» ، «ئەلفىيەنىڭ شەرھىسى» (بۇ ئىبنى مالىك دېگەن ئالىمنىڭ ئەلفىيەسىگە قىلغان شەرھى ۋە ھاشىيىدۇر) ، «ئاقائىدە جەۋھەرىيە، بايان ئەل سۈننەت» دېگەن كىتابلارنى يازغان. 1930 - يىلى غۇلجىدا، چۆچەكتىكى مۇرات ئەپەندىدىن تەلىم ئېلىش باھانىسى بىلەن ۋەزىيەتنى كۆزەتكىلى چىققان خوتەن قاراقاشلىق مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا بىلەن پىكىرلەشكەن. ئۇ شۇ يىلى كۈزدە قەشقەر ۋە ئاتۇشتىن چىققان شەمسىدىن داموللا، ياقۇپ ھاجى قاتارلىق يۈزدەك كىشى بىلەن بىرلىكتە ئۇن نەچچە ياشلىق ئوغلى ئابدۇللانى ئېلىپ ھەجگە ماڭغان .

1931- يىلى باھاردا، ئۇ ھەج تاۋابىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىلمىي زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن، ئوغلى بىلەن بىللە كۆپچىلىك بىلەن خوشلاشقان (بەزى كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، سابىت داموللام، ھەج تاۋاپ قىلىش جەريانىدا تاتارلاردىن چىققان مەشھۇر دىنىي ئالىم مۇسا جارۇللايېۋ بىلەن كۆرۈشكەن . سابىت داموللام، مۇسا جارۇللايېۋ، شەمسىدىن داموللام ئۈچەيلەن سابىت داموللىنىڭ «ئىسلام قانۇنى » ناملىق كىتابى ئاساسىدا، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پادىشاھىغا دۆلەت قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن) . سابىت داموللام سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش بىلەن بولغان ۋە ئىلمىي سۆھبەتلەرنى ئېلىپ بارغان. تۈركىيىدە ئىلمىي

زىيارەتتەبولۇۋاتقان چېغىدا، مىسىردا دۇنيا ئىسلام ئالىملىرى
سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، يىغىنغا
. ئۈلگۈرۈپ قاھىرەگە بارغان
سابىت داموللام سەئۇدى ئەرەبىستانىدا، مىسىردا ۋە
تۈركىيىدە ئىلمىي زىيارەتتەبولۇپ، ۋەتەنگە قايتىش ئۈچۈن
يولغا چىقىپ، 1932 - يىلى ھىندىستانغا كېلىپ دېھلىدە بىر
مەزگىل تۇرۇپ قالغان ھەم «ئاقائىدە جەۋھەرىيەت، بايان ئەل
سۈننەت» ، «ئەلفىيەنىڭ شەرھىسى» ، « شىرىن كالام»
. ناملىق كىتابلىرىنى باستۇردى
سابىت داموللام 1932 - يىلى 12 - ئايدا، قاغىلىققا يېتىپ
كەلگەن، ئاندىن ئۈدۈل خوتەنگە بارغان . 1932-يىلى 1-
ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، قارىقاش ئويباغ مەدرىسىدە،
مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا 1931 - يىلى 6 - ئايدا قوزغىغان
يوشۇرۇن تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرىدىن بىر يۈز ئوتتۇز كىشى
يىغىن ئېچىپ، سابىت داموللام بىلەن قارىقاشلىق مەمەت
نىياز ئەلەم ئاخۇنۇمنى ئەزالىققا قوبۇل قىلغان ھەمدە قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈش كۈنىنى بەلگىلەش، قوزغىلاڭچىلار رەھبەرلىرىنى
. سايلاش ئىشىنى مۇزاكىرىلىشىپ بېكىتكەن
سابىت داموللام ئۆزىنىڭ چەت ئەللەردىكى ئىگىلىگەن
ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق خۇلاسە چىقارغان: بىرىنچى،
بۈگۈنكى دۇنيا شارائىتىدا قوشنا ۋە باشقا چەت دۆلەتلەردىن
ئىنقىلابىمىزغا ياردەم كۈتمەك مۇمكىن ئەمەس. مەن بۇ ھەققە
كۆپلىگەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن پىكىرلەشتىم،
ئىككىنچى، ئىنقىلابنىڭ قوزغىلىش نوقتىسى خوتەندە
. بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئۈدۈل خوتەنگە كەلدىم
سابىت داموللام رامىزان مۇناسىۋىتى بىلەن خوتەننىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدا « قۇرئان» ۋە ھەدىسلەردىن ۋەز ئېيتىپ،
قوزغىلاڭ ئۈچۈن خەلق ئىچىدە ئومومىي بىر پىكىر ئېقىمى بەرپا
قىلىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچلەرنىڭ توپلىنىشىغا كۈچ

. چىقاردى
يـىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، قارىقاشتا قوزغىلاڭ  - 1933
پارتلىغان. 1933 - يىلى 4 - ئايغىچە خوتەن تەۋەسى
قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن . شۇنىڭ بىلەن 4 - ئاينىڭ
5 - كۈنى «ھۆكۈمەتى ئىسلامىيەت خوتەن» دېگەن ۋاقىتلىق
ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. سابىت داموللام قوزغىلاڭ جەريانىدا،
يەكەن قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى
. ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ياراشتۇرغان
يىلى7-ئاينىڭ 17-كۈنى، ساۋۇت داموللام -1933
بىلەن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ ئىنىسى ئىمىر ئابدۇللا
(شاھ مەنسۇر) ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ
يەكەندىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان. سابىت داموللامىلار
يەكەندىكى چاغدا، قەشقەردىن تۆمۈر شىجاڭنىڭ ئابدۇغوپۇر
شاپتۇل داموللام باشچىلىقىدىكى تۆت ۋەكىلى يەكەنگە
يېتىپ كەلگەن . ئۇلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ قەشقەرگە
بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوقلىقى توغرىسىدا سابىت داموللامىلار
بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزگەن . سابىت داموللام باشچىلىقىدىكى
. قوزغىلاڭچىلار بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمىغان
ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللام پەيزاۋات شاپتۇللۇق كىشى
بولۇپ دىنىي مەلۇماتى يۇقۇرى بولغاچقا، قەشقەر تەۋەسىدە
تەسىرى زور بولغان. لېكىن بۇكىشى سىپى ئۆزىدىن مۇناپىق
بولۇپ، ئابدۇقادىر داموللامغا قەست قىلىش سۇيىقەستىگە
قاتناشقان ، ئوسمان پاشا بىلەن تۆمۈر شىجاڭنى زىددىيەتكە
سېلىپ، ماجەنساڭ ئۈچۈن كەتمەن چاپقان. ئۇ 1934 -
يىلىدىن كېيىن، يەنى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى دەۋرىدە
ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەن ھەم قەشقەردە قۇرۇلغان ئۇيغۇر
ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان . 1935 - يىلى يازدا
ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكەبويىچە ئېچىلغان «ئىككىنجى
قېتىملىق ئاۋام كونفىرىنىيىسى» گە قاتناشقان . قايتىپ

بارغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەيگە بولغان ئالاھىدە ئىخلاسى
ھەققىدە سۆزلەپ يۈرگەن ھەم ئۇنىڭ «ئالتە بۈيۈك
سىياسىتى» نى تەشۋىق قىلغان .
1936-يىلى 5-ئايدا، شىڭ شىسەي قەشقەرنىڭ ۋالىسى،
سوۋېت ئىتتىپاقى بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ
باۋچەنگە تېلېگرام بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېكىسكۇرسىيە
ۋە زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن سودا - سانائەتچىلەر تەكشۈرۈش
ئۆمىكى تەشكىل قىلغانلىقىنى، شۇڭا قەشقەر ئۇيغۇر
ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللامنى
ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بېرىش لازىملىقىنى ئۇقتۇرغان .
شىڭشىسەينىڭ ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللامدىن
پايدىلانماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن مەھمۇت شىجاڭ ئۇنىڭ
ئۈرۈمچىگە بېرىشىغا يول قويمىغان. ئۇ، 5-ئاينىڭ12-كۈنى
كېچىدە، ئادەم ئەۋەتىپ ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللىنى قەشقەر
كونا شەھەرنىڭ ئۆتەڭ بازىرىدا يۇشۇرۇن
ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن. شىڭ شىسەي مەھمۇت شىجاڭنىڭ بۇ
ئىشىغا غەزەپلىنىپ، مەھمۇت شىجاڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن،
مەھمۇت شىجاڭنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن ئابدۇراخمان ھاجى
بىلەن ئەمەت قۇل ھاجىنى ساقچى ئىدارىسى ئارقىلىق قولغا
ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتكەن .
ئەنە شۇ ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللام سابىت داموللاملار
بىلەن يەكەندە قىلغان كېڭەشتىن كېيىن، بەزى كىشىلەرگە،
ئۇلارنىڭ جۇمھۇرىيەت قۇرىمىز دېگىنى نېمىسى؟
ماجەنساڭلارغا كۈچى يېتەمدىكەن؟ دېگەنگە ئوخشاش
سۆزلەرنى قىلىپ، سابىت داموللامنىڭ كەينىدىن غەيۋەت
قىلغان. تۆمۈر شىجاڭنىڭ ۋەكىللىرىنى كۈتۈشكە مەسئۇل
بولغان بىر كىشى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئىمىر ئابدۇللاغا
ئېيتىپ قويغان .
قەشقەردىن كەلگەن ۋەكىللەر ئەتىسى قايتماقچى بولغاندا،

ئىمىر ئابدۇللا (شاھ مانسۇر) ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللامنى ئېلىپ قېلىپ نەزەربەند قىلىپ قويغان. ۋەكىللەر قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ يەكەندىكى كېڭەشتە بولۇنغان سۆزلەرنى ۋە ئىمىر ئابدۇللانىڭ ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللامنى نەزەربەند قىلىپ قويغانلىقىنى تۆمۈر شىجاڭغا يەتكۈزگەن. تۆمۈر شىجاڭ بۇنىڭغا خاپا بولۇپ، ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللامنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، قەشقەر ئۇلىمالىرىدىن يەنە ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ يەكەنگە ئەۋەتكەن . ئىمىر ئابدۇللا ۋەكىللەرگە: ئابدۇغوپۇر شاپتۇلنى ھازىر قوشۇپ بېرىمىز، ئەمما بۇنىڭدىن . كېيىن ئۇ پىتنە - پاسات تارقاتمىسۇن! دەپ جىكىلىگەن سابىت داموللام بىلەن ئىمىر ئابدۇللا يېتەكچىلىكىدىكى ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇن يېڭىسارغا يېتىپ كەلگەندە، تۆمۈر شىجاڭ قەشقەردىن يېڭىسارغا كېلىپ، سابىت داموللاملارنىڭ قەشقەرگە بارماسلىقىنى ئۆتۈندۇ. لېكىن سابىت داموللام بىلەن ئىمىر ئابدۇللا ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىپ، 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى . قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ

قەشقەردىكى ھامىتخان لۈيجاڭ، ھەمدەمبەگ ھاجىم لۈيجاڭ، سىيتىۋالدىجان (ئۆزبېك، قەشقەرگە قېچىپ كەلگەن باسمىچىلارنىڭ باشلىقى) ، كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ قاتارلىقلار ئالتە يۈز دەك ئەسكەر بىلەن، ئوسمان پاشا (لۈيجاڭ) ، ئۇراز تۇەنجاڭلار باشچىلىقىدىكى قىرغىزلار تۆت يۈز قوشۇن بىلەن سابىت داموللىنى كۈتۈۋالغىلى چىقىدۇ. ئۇن مىڭلىغان شەھەر پۇقرالىرى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ، ئۇنى قارشى . ئېلىشىدۇ

سابىت داموللام، ئىمىر ئابدۇللا باشچىلىقىدىكى خوتەن قوشۇنلىرى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئوسمان پاشا ئۇلارنى قىرغىن قارشى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن تۆمۈر شىجاڭ ئۆزىنىڭ تەسىرىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىغا چىدىماي،

1933-يىلى7-ئاينىڭ26-كۈنى ھامىتخان لۇيجاڭ،
ھەمدەمبەگ ھاجى، سىيتىۋالدىجان، كىچىك ئاخۇنلارغا بۇيرۇق
بېرىپ، ساۋۇت داموللام ۋە شاھ مانسۇر تۇرغان ئۇرۇنلارنى
قورشىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى پۈتۈنلەي
قورالسىزلاندۇرغان ھەمدە سابىت داموللام بىلەن شاھ مانسۇرنى
ياۋاغدىكى بىر ھويلىغا نەزەربەند قىلىپ قويغان. بۇ ۋەقەدىن
كېيىن، تۆمۈر شىجاڭغا ماجەنساڭدىن تارتىپ ھەممىسى
قاتتىق بويسۇنۇپ، ئۇنىڭغا «سىلىڭ»لىق تامغىسىنى
تاپشۇرغان. تۆمۈر شىجاڭ بۇ تامغىنى بىر كۈن شەھەر
ئايلاندۇرۇپ داغدۇغا قىلغان. بۇنىڭغا غەزەپلەنگەن ئوسمان پاشا
8-ئاينىڭ 2-كۈنى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، ئۆز يۇرتى قىزىل
ئۈيغا چېقىپ كەتكەن. 8-ئاينىڭ3-كۈنى، ماجەنساڭ تۆمۈر
شىجاڭنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، قەشقەر
ماجەنساڭنىڭ قولىغا ئۆتكەن. سابىت داموللام بۇ چاغدا يۇرتى
ئاتۇشتا چېقىپ كەتكەن. تۆمۈر شىجاڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن
كېيىن، ئوسمان پاشا قايتىدىن قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەرنى
ئىلكىگە ئالغان ھەمدە تۆمۈر شىجاڭغا تەۋە قوشۇللارنى ئۆزىگە
قوشىۋالغان .

ئوسمان قەشقەرنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، سابىت داموللام
ئاتۇشتىن قەشقەرگە كېلىپ، ئوسمان بىلەن كۆرۈشكەن. 8-
ئاينىڭ 15-كۈنى قەشقەر شەھرىدە خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ
قەشقەر ئىش باشقۇرۇش ئىدارىسىنى قۇرغان. 9-ئاينىڭ 10-
كۈنى بۇ ئىدارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «شەرقىي
تۈركىستان مۇستەقىللىق جەمئىيىتى»نى قۇرغان .

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى
توغرىسىدا، ئەينى مەيداندا بار بولغان سەيپىدىن ئەزىزى
كېيىن «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ بىرىنچى
قىسمىدا مۇنداق يازغان: «شۇنداق قىلىپ، ھىجرىيە 1352-
يىل 7-ئاينىڭ 4-كۈنى، مىلادى 1933-يىل 11-ئاينىڭ 12-

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام >كۈنى قەشقەردە
قۇرۇلۇپ، كۆنچى مەھەللىسىنىڭ ئالدىدىكى <جۇمھۇرىيىتى
مەيداندا بايراق چىقاردى. بۇ بايراق ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق
ئىدى. بايراق چىقىرىپ، «جۇمھۇرىيەت» قۇرۇلغانلىقىنى
جاكارلاش چوڭ يىغىنىدا، «ھۆكۈمەت» ئىسىملىكى، ئاساسىي
. قانۇن ۋە « دۆلەت شېئىرى » ئېلان قىلىندى
قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1-قىسمىدا چاڭ »
شىياڭ مۇنداق يازغان: «11-ئاينىڭ 12 - كۈنى (ھىجرىيە
1352-يىل7-ئاينىڭ 24-كۈنى) كېچىدە « شەرقىي
تۈركىستان مۇستەقىللىقى جەمئىيىتى » قەشقەر
كونىشەھەردە يىغىن چاقىرىپ،«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام
جۇمھۇرىيىتى » نىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. «
. تەشكىلىي پروگراممىا » قاتارلىق ھۆججەتلەرنى ماقۇللىدى
ئاينىڭ 13 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، « شەرقىي  - 11
تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » ھاكىمىيىتى قەشقەر كونا
شەھەرنىڭ تۈمەن دەرياسى بويىدا، يەنى ياۋاغ كۆۋرىكىنىڭ
يېنىدا، يىگىرمە مىڭ كىشىلىك يىغىن ئېچىپ، بايراق
چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام
جۇمھۇرىيىتى » ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزەلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى
ئېلان قىلدى. سابىت داموللام ئۆزى « دۆلەت ئىشلىرى باش
ۋەكىلى » بولدى. ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان خوجىنىياز ھاجىغا دۆلەت
رەئىسى ئورنىنى قويۇپ قويدى. سابىت داموللام ئۇزۇن سۆز
. قىلدى. سۆزدىن كېيىن، شەھەردە نامايىش قىلىندى
ئاينىڭ 15-كۈنى، سابىت داموللام شىۋېتسىيە - 11
كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق
ۋاكالەتخانىسىنىڭ قۇتلۇق ھاجى باش مۇھەررىرلىكىدىكى
باسمىخانىسىدا « شەرقىي تۈركىستان ھەپتىلىك گېزىتى»
نى (بەزىلەر « يېڭى ھايات گېزىتى » دەيدۇ) چىقاردى. يېرىم
ئايدىن كېيىن، « مۇستەقىللىق » ئايلىق ژورنىلى چىقىرىلدى،

ئۇنىڭدا، « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى »
رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى ۋە مۇھىم ھۆججەتلەر بېسىلدى،
.كەڭ كۆلەمدە جامائەت پىكرى تاييارلاندى
يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئويغانغان زېمىن» ناملىق
رومانىنىڭ 2 - قىسمىدا مۇنداق يازغان: «. . . ئۇنىڭدا
جۇمهۇرىيەت رەئىسى خوجىنىياز ھاجىم دېيىلگەن .كېيىن،
سابىت داموللام (ئاتۇش) باش ۋەكىللىككە، جانىبېك قازى
(قىرغىز) مۇئاۋىن باش ۋەكىللىككە، زىرىپ قارا ھاجى (ئۆزبېك)
ئەدلىيە مىنىستىرلىكىگە، قاسىمجان ھاجى (خوتەن) خارجى
ئىشلار مىنىستىرلىكىگە، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم (قەشقەر)
مائارىپ مىنىستىرلىكىگە، ئابدۇللاخان(ئۆزبېك) سەھىيە
مىنىستىرلىكىگە، مەھمۇت موھىتى (تۇرپان) ھەربىي
قوماندانلىققا، ئورازبېك (قىرغىز) دۆلەت مۇداپىئە
مىنىستىرلىكىگە، يۈسۈپجان قۇربېشى (ئۆزبېك) باش شتاپ
باشلىقلىقىغا، ئوبۇل ھەسەن ھاجى (ئاتۇش) سودا -
دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكىگە، شەمسىدىن داموللام (ئاتۇش)
ئەۋقاپ « ۋەخپە » ئىشلىرى مىنىستىرلىكىگە، مۇھەممىدىن
ھاجى (قەشقەر) ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا
.«كۆرسىتىلگەنىكەن
يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان ۋاقىتلىق -1933
ھۆكۈمەت ستالىن ھۆكۈمىتى بىلەن شىڭ شىسەي
ھۆكۈمىتىنى قاتتىق ساراسىمىگە سالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار
خوجىنىياز ھاجىغا ۋەدە بېرىپ، ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرۈش
ئارقىلىق بۇ يېڭى قۇرۇلغان جۇمهۇرىيەتنى يوقىتىشنى
. پىلانلىغان
يىلى 3-ئايدا، ئۇلۇغچاتقا تەۋە ئەركەشتامدا، -1934
ستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى خوجىنىياز ھاجىنى
شىنجاڭ ئۆلكىسىگە مۇئاۋىن رەئىس قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا
ۋەدە بېرىپ، بۇنىڭ ئۈچۈن، خوجىنىيازنىڭ ئۇلۇغچاتتىكى

ئىسھاقبېك تۇڭگانلار بىلەن بىرلىشىپ ۋە شىنجاڭ شىنجاڭ شەرقىي
قىسىملىرى بىلەن ماسلىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى
تىنچلاندۇرۇشنى شەرت قىلغان. خوجىنىياز ھاجى ستالىن
ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە كۆنگەن ھەمدە سابىت داموللام
قاتارلىق كىشىلەرنى قولغا ئېلىپ، شىنجاڭ شىنجاڭ ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ
بېرىشكە ۋەدە قىلغان .
1934- يىلى 4 - ئايدا، خوجىنىياز ھاجى يەكەندە زىرىپ
قارى ھاجى، شەمسىدىن داموللا، ئابلاخان سۇلتانبەگ قاتارلىق
تۆت كىشىنى نەزەربەند قىلغان. 4-ئاينىڭ 13-كۈنى، مەھمۇت
شىجاڭ قول ئاستىدىكى غوپۇر تۇڭگانلارنى قاغىلىقتا ئەۋەتىپ،
سابىت داموللامنى قولغا ئالغان. خوجىنىياز ھاجى سابىت
داموللام بىلەن زىرىپ قارى ھاجىنى ئاقسۇغا يالاپ ئېلىپ
كېلىپ، شىنجاڭ شىنجاڭنىڭ ئاقسۇدىكى قىسىملىرىغا
تاپشۇرۇپ بەرگەن .
سابىت داموللامنى شىنجاڭ شىنجاڭ تۇتۇپ بېرىش
بەدىلىگە خوجىنىياز ھاجى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن
رەئىسى بولغان. لېكىن، ئۇ مەھمۇت شىجاڭ قوماندانلىقىدىكى
مىللىي قىسىمنى قەشقەردە قالدۇرۇشنى شەرت قىلغان.
شۇنىڭ بىلەن، مەھمۇت شىجاڭ قەشقەردە شىنجاڭ شىنجاڭ
ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولغان ئالتىنچى دىۋىزىيىنىڭ (كېيىنچە
يەتتىنچى دىۋىزىيىگە ئۆزگەرتىلگەن) شىجاڭى بولۇپ،
جەنۇبىي شىنجاڭغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئورۇنغا ئىگە
بولغان .
سابىت داموللام 1934-يىلى شىنجاڭ شىنجاڭنىڭ
ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىسىگە قامالغان. خوجىنىياز ھاجىمۇ 1937-
يىل 10-ئاينىڭ 12-كۈنى «ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ
قويرۇقى» دېگەن توھمەت بىلەن شىنجاڭ شىنجاڭ تەرىپىدىن
قولغا ئېلىنىپ زىندانغا تاشلانغان . خوجىنىياز ھاجى 1938 -
يىلى ستالىن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەربىيىلىنىپ ئۈرۈمچىگە

- شىڭ شىسەيگە ياردەمگە ئەۋەتىلگەن ھاشىم ھاجى دېگەن كىشى تەرىپىدىن سىرتماقتا بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن . خوجىنىياز ھاجى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، كىشىلەر سابىت داموللامنىمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ بولدى دەپ قاراشقان. لېكىن، سابىت داموللام 1940 - يىلىغا كەلگۈچە ھايات ساقلانغان. 1940 - يىلى ئۈرۈمچى ئىككىنچى تۈرمىنىڭ باشلىقى لۇ بىندى ئىسىملىك خۇيزۇ سابىت داموللام بىلەن تونۇشۇپ قالغان. لۇ بىندى سابىت داموللامنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم» بىلەن قەغەز - قەلەم ئەكىرىپ بەرگەن ھەم سابىت داموللامنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ياخشىلاپ بەرگەن. شۇ كۈندىن باشلاپ، سابىت داموللام « قۇرئان كەرىم»نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە - تەفسىر قىلىشقا كىرىشكەن. ئون ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا، ئۇ تەرجىمە - تەفسىرىنى تولۇق تاماملىغان .

سابىت داموللا «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەرجىمە - تەفسىرىنى تاماملاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1941-يىلى ئەللىك سەككىز يېشىدا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان .

مەمتىيلى ئەپەندى» ناملىق كىتاپ»

ئامانىسساخان




يەكەن سائىدىيە دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر قېتىم گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، شۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان يەكەندە كۆپلىگەن ئالىملار، شائىرلار، مۇزىكىشۇناسلار، تارىخچىلار، تېۋىپلار مەيدانغا كەلگەن. مانا شۇلار ئىچىدە يۈكسەك تالانت ۋە قابىلىيىتى بىلەن باشقىلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلغان كىشىلەرنىڭ بىرى مەشھۇر مۇقامشۇناس، شائىر مەلىكە ئامانىسادۇر.

ئامانىسانىڭ تارىخي شەخسىيىتى ھەققىدە تارىخچى موللائىسمەتۇللا بىننى مۇللا نىمەتۇللا مۆجىزنىڭ «تەۋارىخي مۇسىقىيۇن» ناملىق رىسالىسىدىكى مەلۇماتتىن باشقا

.ئىشەنچلىك تارىخىي مەنبەگە ئىگە ئەمەسمىز
تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» دا مەلىكە ئامانىسا ھەققىدە »
مۇنداق يېزىلغان: «... ئۇن يەتتىنچى پىرى مەلىكەئى
ئامانىسا خېنىم ئىدى. بۇ خېنىم سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ
خانىشى ئىدى. ئۆز دەۋرىنىڭ يىگانە شائىرەسى بولۇپ،
«دىۋان نەفىسى» (نەفىسى شېئىرلىرى توپلىمى) ناملىق
شېرىن بىر كىتابنى يازغانىدى. خەتتاتلىقتا ئۇستۇن ماھارەتكە
ئىگە ئىدى. مۇزىكا ئىلمىدىمۇ شۇنداق كامالەت ئىگىسى
ئىدىكى، سۇلتان ئۇنىڭغا تاقەتسىز ئاشىق ۋە ئىختىيارسىز
شەيدا بولغانىدى، سۇلتانىنىڭ بۇ مەلىكىنى ئۆز نىكاھىغا
ئېلىش ۋەقەسى مۇنداق بولغانىدى: سۇلتان ئۆز ۋەزىرى - ئەمىر
ۋە لەشكەرلىرى بىلەن پايتەختى يەكەندىن ئاتلىنىپ چىقىپ،
تارىم دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكان دەشتىگە شىكارغا
يۈزلەندى ۋە نەچچە كۈن شۇ ئەتراپتا بولدى. سۇلتانىنىڭ
كېچىلىرى دېھقانچە ساددا كىيىملار كىيىپ قونۇچى مۇساپىر
سۈپىتىدە سەھرا ياقىلىرىدىكى ئۆيلەردە غېرىبانە قونىدىغان ۋە
شۇ يول بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ رەئىيەلەرگە زۇلۇم - سەتەم
قىلغانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بىر كۈنى
سۇلتان شۇ يوسۇندا ئەكرەم ئاتلىق بىر مەھرىمى بىلەن بىر
خارابە ئۆيگە قونۇچى سۈپىتىدە كىرىدى. بۇ ئۆي مەھمۇت
ئاتلىق بىر ئوتۇنچىنىڭ ئۆيى ئىدى، بۇ مەلىكە بولسا شۇ
.«مەھمۇتنىڭ قىزى ئىدى
مۆجىزى تارىخچى ۋە مۇزىكا ئالىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن
ئۆز دەۋرىدە مەلۇم بولغان كۆپلىگەن تارىخىي كىتابلار ۋە مۇزىكا
ھەققىدىكى نۇرغۇن رىسالىلەرگە ئاساسلىنىپ «تەۋەرىخي
مۇسىقىيۇن» ناملىق بۇ ئەسىرىنى يازغان، شۇنداق بولغاچقا،
مەلىكە ئامانىسا خېنىم توغرىسىدىكى بايانلار، شۇنداقلا
ئۇنىڭ يۇرتى توغرىسىدا بىشارەت بېرىلگەن بىر قانچە نوقتا
ئاپتورنىڭ قىياسى بولماستىن، بەلكى ئۆزى ئىگىلىگەن

ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىشەنچلىك مەلۇماتلار ئىكەنلىكى ئېنىق.

مەزكۇر رىسالىدە، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ شىكار قىلىش ئۈچۈن پايتەخت يەكەن شەھىرىدىن چىقىپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكان ئەتراپىغا بارغانلىقى ۋە شۇ يەردە ئامانىنىسا خېنىم بىلەن ئۇچراشقانلىقى ئېنىق بايان قىلىنغان. مۆجىزى ئېيتقان «تارىم دەرياسى»، «تەكلىماكان ئەتراپى» دېگەن ئىككى ئۇقۇمنىڭ بۈنىڭدىن تۆت ئەسىر بۇرۇنقى (يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى) جۇغراپىيىلىك ئورنى بىلەن ھازىرقى زاماندىكى ئۇقۇم مەنىسى ئۆزگەرگەن جۇغراپىيىلىك ئورنى ئوخشاش ئەمەس. بۇرۇنقى تەتقىقاتلاردا بۇ نۇقتىغا سەل قارالغانلىقتىن، «ئامانىنىسا خېنىم مەكىت ناھىيىسىنىڭ تىزناپ دەرياسى بويىدىكى قۇمۇش مەھەللە دېگەن يېزىدا تۇغۇلغان، توققۇز يېشىدا ئائىلىسى بىلەن تەكلىماكان بۇرجىكىدىكى قازانكۆل جاڭگىلىغا كۆچۈپ كەتكەن» دېگەنگە ئوخشاش ئامانىنىسا خېنىم دەۋرىدىكى تارىخىي ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان يەكۈن ئالغا سۈرۈلگەن، چۈنكى ھازىرقى ۋاقىتتا «تارىم دەرياسى» بىر قانچە دەريا ئېقىنلىرى ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيىسى تەۋەلىكىدە قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان غول ئېقىننىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر مۆجىزى كۆرسەتكەن «تارىم دەرياسى» نىڭ جۇغراپىيىلىك دائىرىسىگە تەڭ دېيىلسە، ئۇ چاغدا ئامانىنىسا خېنىمنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى يەكەن دەرياسىنىڭ ئەسلىدىكى نامى ۋە تۆت ئەسىر بۇرۇنقى بۇ جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى توغرىسىدىكى پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك.

تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، (يەكەن دەرياسى) دېگەن ئاتالغۇ يېقىنقى ۋاقىتلاردىكى جۇغراپىيىلىك نام بولۇپ، تېخى ئۆتكەن ئەسىردىمۇ يەكەن دەرياسىنىڭ نامى تارىم

دەرياسىنىڭ نامى بىلەن قوشۇپ ئاتالغان، يەكەن دەرياسى تارىم دەرياسىنىڭ باش قىسمى ۋە ئەڭ ئاساسلىق غولىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بۇ دەريانىڭ نامى «ئۈسمە تارىم»، «تارام دەرياسى» دەپ ئاتالغان. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ بۇ دەريانىڭ نامىنى «ئۈسمە تارىم» دەپ تىلغا ئالغان، هازىرقى يەكەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان ئارال يېزىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى «تارام بويى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

تارام» _ دەريا تارمىقى ياكى تارماق دەريا دېگەن مەنىدە » بولۇپ، «تارام» بىلەن «تارىم» تامامەن ئوخشاش مەنىدىكى سۆز هېسابلىنىدۇ. بۇ پاكىتلار «يەكەن دەرياسى» دېگەن نامنىڭ تارىختا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، مۆجىزى تىلغا ئالغان «تارىم دەرياسى» دەل يەكەن شەهىرىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردىن ئېقىپ، شەرقىي شىمال تەرەپكە سوزۇلۇپ كەتكەن «ئۈسمە تارىم» نى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىق.

بۇنىڭدىن بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرىكى «تەكلىماكان ئەتراپى» دېيىلگەن جايلار ئۈسمە تارىم (هازىرقى يەكەن دەرياسى) نىڭ غەربىي قىسمى بىلەن تىزناپ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەرلەر ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. بۇ جايلار بۇنىڭدىن بىر - ئىككى ئەسىر بۇرۇن قويۇق توغراقلىق، چاتقاللىق بىلەن قاپلانغان جاڭگاللىقلار بولۇپ، هەرخىل ياۋايى هايۋانلار ۋە قۇشلارنىڭ ماكانى ئىدى. يەكەن شەهىرىگە يېقىن بولغان بۇ جايلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئادەملەر تەرىپىدىن باغۇ - بوستانلىققا ئايلاندۇرۇلۇپ، باغتوغراق، تۆۋەن باغتوغراق، توغراقلىق هويلا، توغراقمازار، جاڭگال، جاڭگالئېرىق، ئازغانباغ، ئاقتىكەن، شوخۇلۇق، چىغلىق، چىغرىق، چىغلىق هويلا، چىڭگىلىك دەپ ئاتىلىدىغان كەنت - مەهەللىلەرنى بەرپا قىلغان، هازىرمۇ بۇ جايلاردا هەرخىل تەبىئىي چاتقاللىقلارنى، قۇمۇشلۇق كۆللەرنى، تۈرلۈك ئىپتىدائىي ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە ياۋايى هايۋانلارنى

.ئۇچراتقىلى بولىدۇ
يەركەن سەئىدىيە خانلىق دەۋرىدە مەكتەپ ماراللىبېشىغا تەۋە بىر كىچىك يېزا بولۇپ، «قۇمۇش مەھەللە» دېگەن كەنت .تېخى مۇشۇ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بارلىققا كەلگەن
يەنە بىر تەرەپتىن، ئامانىسا خېنىمنىڭ ئوردىغا كېلىشتىن ئىلگىرىلا نەۋائى، فۇزۇلى قاتارلىق شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن خەۋەردار بولۇشى، ئۆزىگە «نەفسى» دەپ تەخەللۇس قويۇپ شېئىر يازغانلىقى، مۇزىكا ۋە خەتتاتلىقتا كامىل بولغانلىقى.... تەبىئىيكى، مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇھىتقا باغلىق، ئامانىسا خېنىمنى ئەنە شۇنداق ئىقتىدار ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۈرگەن ئىجتىمائىي مۇھىت ئەينى زاماندىكى ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن .بىرى بولغان يەكەن شەھىرىدىن ئىبارەت
دېمەك، ھەم تەبىئىي، ھەم ئىجتىمائىي مۇھىت جەھەتتىن بىردەكلىككە ئىگە بولغان بۇ پاكىتلارنى مۆجىزى ئوتتۇرىغا قويغان تارىخىي قاتلاملار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، ئامانىسا خېنىم 1534 - يىلى تارىم دەرياسى (ھازىرقى يەركەن دەرياسى) نىڭ غەربىي قىسمى بىلەن تىزناپ دەرياسىنىڭ بىردە مەھمۇت ئىسىملىك ئوقۇمۇشلۇق بىر مۇزىكانت ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، دەپ ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ. مەھمۇت ئاكا ئۆز دەۋرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مۇزىكانتى ۋە مۇقامشۇناسى بولۇپ، مۇقام ئۇستازى قىدىرخان بىلەن .ھەمنەپەس بۇرادەر ئىدى
بۇ دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرىغا ئوخشاش يەركەندىمۇ تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ نەخشبەندى ئىلغار ئىدىئولوگىيە ئېقىمى بىلەن ئەھرارى ۋەكىللىكىدىكى «تەركىدۇنيا» چىلىقنى تەرغىب قىلىدىغان مۇتەئەسسىپ ئىدىئولوگىيە ئېقىمى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۆرەش داۋام قىلىۋاتاتتى. ئەنە شۇ كەسكىن كۆرەش ئىچىدە

تەرکىدۇنياچىلار بىر مەزگىل ئەۋدەپ،سەئىدىيە دەۋرىدە گۈللىنىشكە باشلىغان مۇقام مەدەنىيىتىنى «دەھرىلىك» دەپ ئەيىپلەپ،مۇقامنى تەركىدۇنياچىلارنىڭ يىغا - زارى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قورالغا ئايلاندۇرماقچى بولدى ۋە بۇ ئارقىلىق خەلقنى جاھالەتتە قالدۇرۇپ، كەچكىچە خانقادا «ئۇماچ بەندىسى» بولۇپ ئۆتۈشكە يېتەكلىدى.
ئون ئىككى مۇقامنى خەلقىمىزنىڭ گۈزەل ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ سىمۋولى دەپ بىلىدىغان قىدىرخان، مەھمۇت ئاكا قاتارلىق مۇقامشۇناسلىرىمىز ئۇلار بىلەن تىغمۇ - تىغ ئېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن تەركىدۇنياچى ئېزىتقۇلار ھەممە يەردە جەرە سېلىپ «ئەھلى دۇنيا» چىلار ئۈستىدىن پىتنە - پاسات تارقاتتى. شۇ قاتاردا مەھمۇت ئاكىنىمۇ كەمسىتىپ «ئوتۇنچى» (سەھرالىق تومپاي دېگەن مەنىدە ) دەپ چەتكە قاقتى. «مەھمۇت ئوتۇنچى» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ بولسا كېرەك. مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، پىتنە - پاساتچى سوپى - ئىشانلارنىڭ قۇسۇمەتلىرىدىن جاق تويغان مەھمۇت ئاكا توققۇز ياشلىق ئارزۇلۇق قىزى ئامانىنىسانى ئېلىپ، يەركەن شەھىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جاڭگاللىق خىلۋەت ماكانغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.
ئامانىنىسا سەككىز ياشقا كىرگەندە ئانىسىدىن يېتىم قالىدۇ. مەھمۇت ئاكا بۇ يالغۇز پەرزەنتىنى ناھايىتى ئارزۇلاپ تەربىيىلەيدۇ. كىچىك ۋاقتىدىلا ئۇنى بىر دىنىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىدۇ. ئامانىنىسا كۈندۈزلىرى مەكتەپتە خەت ساۋادىنى چىقارسا، كەچلىرى ئاتىسىدىن ساتار چېلىشنى، مۇقام ئېيتىشنى ئۆگىنىدۇ. مەھمۇت ئاكا ئەسلىدە ئوقۇمۇشلۇق، مەرىپەتپەرۋەر مۇزىكانت بولغاچقا، ئۇلار شەھەردىن چەترەك جايغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن ئامانىنىساغا ئۆزى بىۋاستە ئۇستاز بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇزىكا ۋە

مۇقامدىن ساۋاق بەرگەن، نەۋائى، فۇزۇلى، بابۇر قاتارلىق شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگەتكەن. بۇ جەرياندا ئۇلار مۇقامشۇناس قىدىر خان بىلەن داۋاملىق باردى - كەلدى قىلىپ تۇرغان ۋە مۇقام ھەققىدە بىرلىكتە مۇتالىيە قىلىشقان، بۇ خىل ئىجتىمائىي مۇھىت ئامانىسانىڭ ياش قەلبىدە مۇزىكىغا ۋە مۇقامغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتۇپ، 13 - 14 ياش مەزگىللىرىدە ساتارنى ماھىرلىق بىلەن چالالايدىغان ۋە بىر قانچە مۇقامنى تولۇق ئوقۇيالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلغان. ئۇنىڭ بۇنداق ئۆزگىچە تالانتى تېخى ئاشكارلانمىغان پەيتتە، ئۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر سۇلتانى ئابدۇرەشىدخاننىڭ نەزەرىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ تەكلىپى ۋە تەشەببۇسى بىلەن ئوردىغا كىرىپ ئابدۇرەشىدخاننىڭ خانىشى بولغان.

مەلىكە ئامانىسا خېنىم سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا خانىش بولۇپ، ئوردىدا 20 يىل ھايات كەچۈرگەن. بۇ جەرياندا سەئىدىيە خانلىقى ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن ناھايىتى چوڭ گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن، مەلىكە ئامانىسا خېنىم ۋە ئۇنىڭ ئۇستازى قىدىرخانلارنىڭ تەشەببۇسى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ قىزغىن قوللىشى ئارقىسىدا، ئالدى بىلەن خانلىق تەۋەلىكىدىكى مەشھۇر مۇزىكانتلار، مۇقامچىلار، شائىرلار ئوردىغا تەكلىپ قىلىنغان، ئوردىغا توپلانغانلار ئىچىدە مەلىكە ئامانىسانىڭ دادىسى مەھمۇت ئاكىمۇ بار ئىدى. ئامانىسا خېنىم قىدىرخان باشچىلىقىدىكى بۇ مۇقامچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ مۇزىكا ۋە ئەدەبىيات جەھەتتىكى بىلىم ۋە ماھارىتىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ، ئەل ئىچىدىن ئالغان مۇزىكىلىق ئۇزۇق بويىچە داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۇيغۇر مۇقامچىلىق تارىخىدىكى كامالەتكە يەتكەن مۇقامشۇناس بولۇپ يېتىلگەن. مۆجىزىنىڭ تەبرى بويىچە ئېيتقاندا: «... خۇدايىتائالا بۇ قىزغا شۇنداق

ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلغان ئىدىكى، تەرىپلەپ ئولتۇرۇشىنىڭ
هاجىتى يوق. ئۇ «دىۋان نەفسى» نى يازدى، خوتۇن - قىزلارغا
نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا «ئەخلاقى جەمىلە» (گۈزەل
ئەخلاق) ناملىق بىر كىتابنى يازدى، «شۇرۇھۇلقۇلۇپ» (قەلبلەر
شەرھى) ناملىق بىر رىسالە يازدى، شائىرلىق، نەغمىچىلىك ۋە
خەتتاتلىق توغرىسىدا بۇنىڭدەك مەنىلىك كىتاب ئاز، «ئىشرەت
ئەنگىز» (شادلىق قوزغىغۇچى) ناملىق بىر مۇقامنىمۇ بۇ مەلىكە
ئىجاد قىلغانىدى. ئەپسۇسكى، بۇ قىممەتلىك مىراسلار
كېيىنكى مەزگىلدە ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇكېرىمخان
ئافاق خوجا تەرەپدارى خوجا ئىساق ۋەلى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ،
تەركىدۇنياچى تەسەۋۋۇپچىلار ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئۆتكەندىن
كېيىن يۈز بەرگەن مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقى دەۋرىدە
.يوقىلىپ، دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن

مەلىكە ئامانىسانىڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تارىخىدىكى
ئۇنتۇلماس زور تۆھپىسى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا
:مەركەزلىشىدۇ

بىرىنچى، فارابى دەۋرىدىن سەئىدىيە دەۋرىگىچە داۋام
قىلغان ۋە كەڭ تېررىتورىيىگە يېيىلىپ كەتكەن ئۇيغۇر
مۇقاملىرىنىڭ غەيرىي ئېلىشاڭغۇلۇق ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ،
ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مۇزىكىلىق
ئاھاڭ خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە رەتكە سېلىشقا،
سىستېمىلاشتۇرۇشقا كاتتا ئەجىر سىڭدۈردى ۋە بۇنى
.مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇردى

ئىككىنچى، ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىدىكى چوڭ نەغمە، داستان،
مەشرەپتىن ئىبارەت مۇقام تەركىبلىرىنى ھەر قايسى مۇقاملىق
كۈي شەكلى بويىچە بىر پۈتۈن مۇقام قامۇسى قىلىپ
.يۈرۈشلەشتۈردى ۋە قېلىپلاشتۇردى

ئۈچىنچى، مۇقام مۇزىكىلىرىنى نوقۇل دىنىي مۇناجاتلار ۋە
بەزى چۈشىنىكسىز چاكىنا تېكىستلاردىن ئازاد قىلىپ، ئۆز

دەۋردە مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن
.سۇغۇرۇلغا  ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىلەن تېكىستلەشتۈرۈدى
دېمەك، ئۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك تالانتى ۋە ئەقلىي -
قابىلىيىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى مۇزىكىلىق
قۇرۇلمىسىدىن تارتىپ تېكىستلىرىغىچە تولۇقلاپ رەتلەپ ۋە
يۈرۈشلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ زامانىمىزغا قەدەر ساقلىنىپ
كېلىشىدە زور خىزمەت كۆرسەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇقام
ھەغدالىرى ئۇنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسىگە سمۆول قىلىپ، يۇرتى
يەركەن شەھىرىدە مەلىكە ئامانىسانىڭ ھەيۋەتلىك ۋە
.مەڭگۈلۈك مەرمەر ھەيكىلىنى تۇرغۇزدى
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ سۆيۈملۈك مۇقامشۇناسى ۋە
شائىرەسى مەلىكە ئامانىسا تەخمىنەن 1568 - يىلى 34
.(يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولدى. (مۇقام پېشۋالىرى








[ بۇ يازما تەرىپىدىن دە قايتا تەھرىرلەنگەن ]

چوققا

ئىنكاس •

نەقىل •

يوللانغان ۋاقتى: 42كۈن بۇرۇن قەۋەت-7

چوڭ | ئاپتورنىڭكىنى كۆرۈش

چوڭ نورمال كىچىك :كىچىكلىگى

**kuqlan**

دەرىجىسى:

سىز سۇلتان سەئىدخان دەۋالغان كىشىنىڭ سۈرىتى 19-ئەسىردىكى قوقەند خانلىقىنىڭ پادىشاھىنىڭ رەسىمى بولىدۇ .تۈزۈتىشىلىك .

چوققا
- ئىنكاس
- نەقىل

ياساۋۇل

•

ئاپتورنىڭ ماتىريالى

قىسقا
ئۇچۇر
يوللا ش
دوس
تلۇققا
قوشۇش

UID نومۇرى: 27 62
جەۋھەر يازمىسى: 0
يوللىغان يازمىسى: 28
شۆھرىتى: 52 نومۇر
پۇلى: 230 سوم
تۆھپىسى: 0 نومۇر

يوللانغان ۋاقتى: 42كۈن بۇرۇن قەۋەت-8

چوڭ | ئاپتورنىڭكىنى كۆرۈش

چوڭ نورمال كىچىك :كىچىكلىگى

بابۇر شاھ



سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئىستىبداتلىق ئالىم، مۇتەپەككۇر شائىر، ئۇلۇغ ھەربىي

توردىكى ۋاقتى: (3)سائەت

تىزىملاتقان ۋاقتى: 2008-06-16

ئاخىرقى كىرگەن ۋاقتى: 2009-03-08

**uyghurqizi**




دەرىجىسى: شەرەپلىك ئەزا

- ئاپتورنىڭ ماتېريالى

سەركەردە، مەشھۇر دۆلەت ئەربابى زەھىرىدىن مۇھەممەت بابۇر 1482-يىلى خان جەمەتى ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، 1530-يىلى قىرىق سەككىز يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

بابۇر كىچىكىدىنلا مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەچكە، ئەتراپلىق بىلىم ئىگىسى بولۇپ يېتىلگەن. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە ئىلىم-مەرىپەت ئەھلىنى ئەتراپىغا توپلاپ، پەن مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرگەندىن تاشقىرى، «بابۇرنامە»، «ئەسرار مۇسىقى»، «كۇللىيات بابۇر» قاتارلىق مۇھىم ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، چاغاتاي تىلى ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللەردىن بىرى سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭ بىرقىسىم غەزەللىرى «ئون ئىككى مۇقام» ئاھاڭلىرىغا سىلىنغان بولۇپ، خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن تا بۈگۈنگە قەدەر سۆيۈپ ئوقۇلۇپ كەلمەكتە.

مەنبەسى: ئالىم ۋە ئەدىبلىرىمىز ھەققىدە ھېكايىلەر

چوققا

- ئىنكاس
- نەقىل

يوللانغان ۋاقتى: 42كۈن بۇرۇن قەۋەت-9

چوڭ | ئاپتورنىڭكىنى كۆرۈش

چوڭ نورمال كىچىك :كىچىكلىگى

قىسقا ئۇچۇر يوللاش

دوستلۇققا قوشۇش

UID نومۇرى: 1785

جەۋھەر يازمىسى: 2

يوللىغان يازمىسى: 117

شۆھرىتى: 32 نومۇر

4 پۇلى: 1150 سوم

تۆھپىسى: 0 نومۇر

توردىكى ۋاقتى: 69 سائەت

تىزىملاتقان ۋاقتى: 2008-04-12

ئاخىرقى كىرگەن ۋاقتى: 2009-03-11

**uyghurqizi**



دەرىجىسى: شەرەپلىك ئەزا

•

ئاپتورنىڭ ماتىريالى

قىسقا ئۇچۇر يوللاش

دوستلۇققا قوشۇش

UID نومۇرى: 1785

جەۋھەر يازمىسى: 2

يوللىغان يازمىسى: 117

شۆھرىتى: 32 نومۇر

پۇلى: 1150

جيەن بوزەن




جيەن بوزەن (1898 - 1968- يىللار) خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ تاۋيۇەن ناھىيىسىدىن، ئۇيغۇر، يۇرتى شىنجاڭ. 1916- يىلى ۋۇچاڭ سودا تېخنىكومىغا ئوقۇشقا كىرگەن، 1924- يىلى ئامېرىكىدا ئوقۇغان، 1924- يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ۋە مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمدە خىزمەت قىلغان. 1927- يىلى بۈيۈك ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بېيجىڭغا بېرىپ ماركسىزملىق تارىخشۇناسلىق بويىچە جۇڭگو تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىغان. 1937- يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1937- يىلى ياپونغا قارشى

| | |
|---|---|
| سوم<br>0 :تۆھپىسى<br>نومۇر<br>توردىكى ۋاقتى:<br>(69)سائەت<br>تىزىملاتقان<br>ۋاقتى: 2008-04-12<br>ئاخىرقى كىرگەن<br>ۋاقتى: 2009-03-11 | ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن چاڭشاغا قايتىپ ياپونغا قارشى<br>تۇرۇش تەشۋىقاتى بىلەن مەشغۇل بولغان، كېيىن جو<br>ئېنلەيىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە چۇڭچىڭ، شاڭخەي،<br>نەنجىڭ، شياڭگاڭ قاتارلىق جايلاردا بىرلىكسەپ ۋە نەزەرىيە<br>تەتقىقاتى خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1948- يىلى شىمالىي<br>جۇڭگو ئازات رايونىغا يۆتكىلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى<br>قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ يەنجىڭ<br>ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، بېيجىڭ<br>ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ<br>مۇدىرى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، جۇڭگو پەنلەر<br>ئاكادېمىيىسى ئىجتىمائىي پەن بۆلۈمىنىڭ ھەيئەت<br>ئەزاسى، جۇڭگو تارىخشۇناسلىق ئىلمىي جەمىيىتىنىڭ<br>دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن،<br>«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ<br>1968- يىلى 12- ئايدا ئۇۋۇالچىلىق بىلەن ئۆزىنى<br>ئۆلتۈرىۋالغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «جۇڭگو تارىخى<br>تېزىسى»، «تارىخى پەلسەپە دەرسلىكى»، «جۇڭگو تارىخى<br>تارىخى مەسىلىلەر »، «تېزىسى پروگراممىسى<br>.مەجمۇئەسى»قاتارلىق ئەسەرلىرى بار<br>يىلى 10- ئايدا، مەدەنىيەت ئىنقىلابى 3- 1968-<br>يىلىغا قەدەم قويۇپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى<br>تەيۋەندىن باشقا 29 ئۆلكە ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممىسىدە<br>ھوقۇق تارتىۋېلىنىپ « ئىنقىلابىي كومىتېت» قۇرۇلۇپ،<br>پۈتۈن مەملىكەت «قىپ قىزىل»لىققا پۈركەندى. نۇرغۇنلىغان<br>«كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار»لار تارتىپ چىقىرىلىپ<br>.ئىنقىلاپ يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى<br>يىلى 10- ئاينىڭ 13- كۈنىدىن 31- كۈنىگىچە 1968-<br>ئېچىلغان ج ك پ نىڭ 8- نۆۋەتلىك 12- ئومۇمىي يىغىنى<br>بېيجىڭدا ئېچىلىپ «ئاسىي، خائىن، ئىشچىلار ئاسىيسى |

لىيۇ شاۋچىنىڭ جىنايەتلىرىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى»
تاماملانغاندىن كېيىن، ماۋ زېدۇڭ يېپىلىش نۇتقى
سۆزلەپ: « ........ سىنىپىي دۈشمەنلەرنى تازىلاشتا توغرا
بولۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك. مەجبۇرى ئىقرار قىلدۇرۇش
ۋاستىسى قاتارلىق ئۇسۇللار نوپۇزلۇق ئالىملارغا
قوللانماسلىق ۋە چەكتىن ئاشۇرىۋەتمەسلىك كېرەك. فېلك
يۈلەن، جيەن بوزەن قاتارلىقلارنىڭ يەنە ئىشلىتىلىش
ئورنى بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا كۆرەش قىلىنىدىغانلارنى
كۆرەش قىلىپ، ساقلاپ قېلىشقا تېگىشلىكلىرىنى ساقلاپ
.قېلىش كېرەك » دىگەن
لېكىن ماۋ زېدۇڭ شۇنداق يولیورۇق كۆرسەتكەن
بولسىمۇ، ئەمما جيەن بوزەن مەخسۇس دېلو
گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن دورا ئىچىپ
ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلىنغان، ئۇنىڭ ئايالى دەي شۇۋەنمۇ
.ئۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆلتۈرۈلگەن
جيەن بوزەن شىنجاڭلىق بولۇپ، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ
تاۋيۈەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان ئۇيغۇر ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن
ئەقىللىق ۋە تىرىشچان بولۇپ، 1924- يىلى 26 ياش
ۋاقتىدا ئامېرىكىغا بېرىپ ئىقتىساد ئىلمىنى ئۆگەنگەن،
كېيىن يەنە گېرمانىيە، فىرانسىيە، ئەنگلىيە، ئىتالىيە
قاتارلىق دۆلەتلەردە تەكشۈرۈشتە بولغان، دۆلەتكە قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن، ماركسىزملىق قاراش بويىچە جۇڭگو
جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو تارىخىنى تەتقىق قىلىش بىلەن
.مەشغۇل بولغان
ياپونغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ گومىنداڭ
ھۆكۈمرانلىقىدىكى چوڭ ئارقا سەپتە قېلىپ، پارتىيە
تاپشۇرغان خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. كېيىن جياڭ جيېشى
كوممۇنىستلارغا زەربە بېرىشنى كۈچەيتكەندە،
جۇئېنلەينىڭ تەكلىپى بىلەن سىچۈەننىڭ باشىيەن

ناھىيىسىگە كەتكەن ۋە ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا باشىيەن
ئوتتۇرا مەكتىپىگە بىرىپ گىنىرال فىڭ يۈشياڭنىڭ تارىخ
ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1945- يىلى 8- ئايدا گومىنداڭ
كومپارتىيە جۇڭچىڭدا سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، ماۋ زېدۇڭ
جيەن بوزەننى مەخسۇس قوبۇل قىلغان، بۇ چاغدا جيەن
بوزەن ماۋ زېدۇڭدىن جۇڭچىڭدىن ئازات رايونلارغا كېتىشنى
تەلەپ قىلغان.
يىلى 5- ئايدا جيەن بوزەن، ماشۈلۇن، گو مورو، 1946-
شۈ گۇاڭپىڭ قاتارلىق كىشلەر پاراخوتقا ئولتۇرۇپ
جۇڭچىڭدىن يولغا چىقىپ شياڭگاڭ ئارقىلىق 11- ئاينىڭ
23- كۈنى ئازات رايونغا يېتىپ كەلگەن.
يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جيەنبوزەن، گو مورو،
پەن ۋېنلەن قاتارلىق كىشلەر بىلەن تارىخ ئىلمي
تەتقىقاتىنى تەشكىللەش رەھبەرلىك خىزمىتىنى
ئۈستىگە ئالغان، 1958- يىلى «مەشھۇر نەزەرىيىچى»
چېن بودا «تارىخقا نەزەرىيە يېتەكچىلىك قىلىش»
نۇقتىئىنەزەرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا جيەن بوزەن بۇنىڭغا
قەتئىي قارشى چىققان. ئۇ ئەينى چاغدا «بېيجىڭ
ئۇنۋېرسىتېت ئىلمي ژۇرنىلى» ۋە «نۇر گېزىتى»نىڭ تارىخ
سەھىپىسىنىڭ باش مۇھەررىرى بولغاچقا چېن بودا ۋە
ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ «تارىخقا نەزەرىيە يېتەكچىلىك
قىلىش»نۇقتىئىنەزەرى ھەققىدە: «قالپىقى چوڭ،
مەزمۇنىنىڭ تايىنى يوق ماقالىلارنى قەتئىي باسماسلىق؛
قۇرۇق نەزەرىيە ماقالىلىرىنى قەتئىي باسماسلىق؛ چاكىنا
چۇۋالچاق ماقالىلارنى قەتئىي باسماسلىق»تەك ئۈچ
ماددىلىق تۈزۈپ بېكىتكەن، ئەينى چاغدا بەزىلەر ھوقۇقىنى
پەش قىلىپ ئۇنىڭغا قورقاق سالغاندا ئۇ كەسكىنلىك
بىلەن: « ئۇنداقتا مېنىڭ ھوقۇقۇمنى ئېلىپ تاشلاڭلار،
شۇنداق قىلغان تەقدىردىمۇ سىلەرنىڭ ماقالەڭلەرنى

باسمايمەن» دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن، ۋە ئۆزى ماقالا يېزىپ
.ئۇلارنىڭ قۇرۇق سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بەرگەن
ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى چىن بودا، كاڭ شېڭ قاتارلىقلارنىڭ
ئۆچمەنلىكىنى قوزغىغاچقا، ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇنى
ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە ۋە ئۆزىنىڭ تارىخ قارىشىدىن ۋاز
كېچىشكە مەجبۇرلىغان بولسىمۇ لېكىن جيەن بوزەن
ھەقىقى تارىخشۇناس بولغاچقا، ئۇلارغا قەتئىيلىك بىلەن
«ئۆزۈمنى تەكشۈرسەم بولىدۇ، لېكىن مەن ھەقىقەت
مەسىلىسىدە ھەرگىز ئارقامغا چېكىنمەيمەن» دەپ جاۋاپ
بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن چېن بودا ،كاڭ شېڭ قاتارلىقلار
«دۆلىتىمىزنىڭ تارىخشۇناسلىق ساھەسىنى بۇرژۇئازىيە
كونترول قىلىۋاپتۇ، شۇڭا ئۇنى قايتۇرىۋېلىش كېرەك» دەپ
.يەكۈن چىقىرىشقان
يىلى 11- ئايدا ياۋ ۋېنيۈەننىڭ «يېڭىدىن 1965-
تۈزۈلگەن تارىخىي دراما ــ خەي رۈينىڭ مەنسەپتىن
قالدۇرۇلىشىغا باھا» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ھەقىقىي
تارىخشۇناس بولغان جيەن بوزەن بۇنىڭدىن قاتتىق
غەزەپلىنىپ، بۇ ماقالىگە قاتتىق رەددىيە بەرگەن. ياۋ
ۋېنيۈەن قاتارلىقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «ئىلمىي
مۇنازىرە» نامى بىلەن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ، تارىخشۇناسلارغا
زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن «جىنايى پاكىت» توپلاشقا
باشلىغان ۋە جيەن بوزەننىڭ قاراشلىرىغا بۆھتان چاپلاپ،
ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىغان ۋە بۇ نامدىكى
«ئىلمىي مۇنازىرە» ناھايىتى تېزلا سىياسىي جەھەتتىكى
چوڭ كۈرەشكە ئايلىنىپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭغا «
ئەكسىيەتچىل ئىلىم نوپۇزلىقى»، «كومپارتىيىگە قارشى
ئۇنسۇر» قاتارلىق قالپاقلار كەيدۈرۈلۈپ، كۈرەشكە تارتىلغان.
بۇ چاغدا 70 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان جيەن بوزەن
كۈرەشكە تارتىلغاندا سۆز ئىشلىتىلمەستىن ئەكسىچە «

ئىنقىلابىي » كىشىلەر تەرىپىدىن كالتەك - توقماق، مۇش - پەشۋا ۋە ئېغىر قىيناقلار بىلەن 100 قېتىمدىن ئارتۇق سوراق قىلىنغان.
گەرچە 1968- يىلى 10- ئايدا ماۋ زېدۇڭ جيەن بوزەن، فېڭ يۇلەن قاتارلىق كىشىلەرنى بەك قىستىماسلىق ھەققىدە يولىيورۇق چۈشۈرگەندە، ئۇ بۇنى ئاڭلاپ ماۋ زېدۇڭغا خەت يېزىپ رەھمەت ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ يولىيورۇقى ۋە ئۇنىڭ رەھمەت خېتى ئۇنى ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرالمىدى. ھەم بۇيرۇق بويىچە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى شەرقىي باغچىدىن غەربىي باغچىغا كۆچۈرۈۋېتىلدى ھەم مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى توختىماستىن ئۇنى مەسىلىسىنى تاپشۇرۇشقا قىستىدى ۋە ئۇنى توختىماستىن ئازاپلاپ تەن جازاسى بەردى، بۇ چاغدا جيەن بوزەننىڭ ئۆپكە كېسىلى ئېغىرلىشىپ ئۈسكۈنىنىڭ ياردىمىگە تايانمىسا نەپەستە قىينىلىدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ لېكىن «ئىنقىلاپچىلار» ئۇنىڭغا قەتئىي يۈز - خاتىرە ۋە رەھىم - شەپقەت قىلمىدى ھەم شۇنداقلا ئۇنى خائىن، ئىشپىيون دېگەندەك ناملار بىلەن تۆرمىگە تاشلايمىز دەپ تەھدىت سېلىپ، ئۇنىڭدىن ليۇ شاۋچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تاپشۇرۇشقا قىستىدى.
1968- يىلى 12- ئاينىڭ 18- كۈنى مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا يەنە مەسىلىسىنى تاپشۇرۇش ھەققىدە تەھدىت سېلىپ، بولمىسا تۆرمىگە تاشلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى،
سالامەتلىكى ئىنتايىن ناچارلىشىپ، پۈتۈن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن، جۇڭگودىكى ئەڭ ئۇلۇغ بۇ تارىخشۇناس ئاخىرى ئۆلۈم يولىنى تاللاپ، ئايالى بىلەن بىرلىكتە دورا ئىچىپ ئۆلىۋالدى.




历史哲学教程


北大名家名著文丛
先秦史
翦伯赞 著
北京大学出版社










لى يۈك قاتارلىقلار يازغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق كىتاپتىن تەرجىمە قىلىندى.

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتىتى نەشرىياتى 2006-يىلى 9- ئاي خەنزۇچە 1- نەشرى .

مۇھەممەدئىمىن
(ھىرقەتى(گۇمنام

مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە»ناملىق مەشھۇر »
داستانىنىڭ ئاپتورى مۇھەممەدئىمىن ھىرقەتى، يەنى
گۇمنام ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئالاھىدە
.ئورۇن تۇتىدىغان ئاتاقلىق شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى
مۇھەممەتئىمىن ھىرقەتى، يەنى
ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كاشغەرنىڭ XVIIگۇمنام
يېڭىشەھەر ناھىيىسى تازغۇن«باغچى» يېزىسىدا تۇغۇلغان.
ئاتىسىنىڭ ئىسمى خاجەم قۇلى،ئۇ ئاپپاق خوجىنىڭ
دەۋرىدە باغۋەن،چىراقچى ۋە كاۋاپچى مەنسەپلىرىدە بولغان. بۇ
:ھەقتە شائىر داستانىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ
ئەگەر كىشى ساھىب تەسنىفىنىڭ كەلامىن »
ئىشتىپ،نامىن بىلەيىن دېسە،مەجھۇل قالماسۇ،مەئلۇم
بولسۇن ۋە مۇبھەم بولماسۇن. مەفھۇم بولسۇن دەپ،ھەدەف
نامىنى ۋە تەرەف مەقامىنى تەئيىن قىلدىكىم مۇھەممەد
ئىمىن ئىبن خاجەمقۇلى ۋە ئازادەلەر باغىنىڭ بۇلبۇلى ۋە
مېھنەت تاغىنىڭ گۈلى....بەندەئى ئەۋلادى مۇھەممەد
كاشغەر ۋەلايىتىدىن،تازغۇن دەھى،پىرھىدا يەتىدىن
خالىي،ئارغۇن رەھىدىن قىشلاغى باغچى مەنسەبى ھەم
باغچى ۋە سانى چىراقچى ۋە سالىسە كەبابچى،بۇ ئىشلار ۋە
بۇ رەۋىشلەر زۇبدەئى پەيغەمبەر زادەلەر ۋەشەھ ئازادەلەر
«.دەۋرىدەدۇر

ئېرور باغ مېھتەرى قىشلاقى باغچى،»
.ئىكىنچى مەنسەپ ئېردى چىراقچى
كەبابچىلىق يەنە بىر مەنسەبىدۇر،
«.كەباب قىلماق،خاجەمنىڭ مەتلەيىدۇر

شائىرنىڭ يۇقىرىقى مەلۇماتىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا
بولىدۇكى،ئۇ ئاپپاق خوجا ھوزۇرىدا باغۋەنچىلىك مەنسىپىدە
ئىشلىسىمۇ،ئۆزىنى يەنىلا
«ئازادەلەر(گۈزەللەر،ئېسىللەر)باغىنىڭ بۇلبۇلى ۋە
مېھنەت(جاپا-مۇشەققەت)تاغىنىڭ گۈلى» دەپ
ئاتايدۇ.دېمەك،ھېرقەتى داستانىدا ياراتقان«سابا»،«گۈل»
ۋە «بۇلبۇل» قاتارلىق سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە ئوبرازلار
ئارقىلىق جاپا- مۇشەققەتنى ئۆزىگە ئالدىنقى شەرت قىلغان
.ۋىسال شادلىقى ئىشقىدا كۆيۈپ-يېنىپ كۈيلەيدۇ
شائىرنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتنامە»ناملىق
.داستانى بار
بۇ 2000مىسرا ئەتراپىدىكى ئەسەرنى ئۈچ قىسىمغا  .①
بۆلۈشكە بولىدۇ.        بىرىنچى«مۇقەددىمە» قىسمى،
بۇنىڭ ئالدىنقى بۆلىكى بىر قانچە ئابزاس نەسرىي
بايان،بېيىت ۋە نەزمىلەردىن تەركىب تاپقان.بۇلاردا
شائىرنىڭ ئىشقىي مۇھەببەت،ئەمگەك(مېھنەت)،ۋىسال
توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئوبرازلىق بايان قىلىنىدۇ؛
ئۇنىڭدىن كېيىن كىچىك بىر مۇقەددىمە،بەش ماۋزۇ
ئاجرىتىلىپ،رەسۇلىللا،چاھارىيارلارغا ھەمدۇ سانا ئوقۇيدۇ؛
ئاخىرىدىكى بىر ماۋزۇدا ئاپتورنىڭ كىتابنى باشلاش
توغرىسىدىكى كۆزقارىشى بايان قىلىنىدۇ.ئىككىنچى بۆلەك
داستاننىڭ ئاساسىي قىسمى بولۇپ،بۇ ئىككى باپتىن
تەركىب تاپقان. بىرىنچى بابى تۆت بەتلىك نەزمىدىن كېيىن
16ماۋزۇغا،ئىككىنچى بابى ئۈچ بەتلىك نەزمىدىن كېيىن
23 ماۋزۇغا ئايرىلغان. ئۈچىنچى قىسمى «خاتىمە كىتاپ ۋە
فاسىھەئى كىتاپ» دېگەن ماۋزۇ قويۇلغان بولۇپ،بۇ
داستاننىڭ خاتىمىسى ئىكەنلىكى ئۆزىدىن مەلۇم. داستان
پۈتۈنلەي ئارزۇ ۋەزىنىنىڭ مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان.

ئەڭ ئاخىرىدا تۆتلۈكلەردىن 24 كۇپلېت قوشۇمچە قىلىنغان.
بۇنى داستان مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دېيىشكە
بولىدۇ.شۇنداقلا ئۇنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ،شائىرنىڭ چوڭقۇر
ئىدىيىۋى ھىسسىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رۇبائىي دەپ
ھېساپلاشقىمۇ بولىدۇ.

مىرسۇلتان ئوسمانوۋ تەرىپىدىن نەشرگە
تەييارلانغان«دىۋانى گۇمنام» _ ھىرقەتىنىڭ لىرىك
شېئىرلار توپلىمىدۇر





.

شائىر ھىرقەتى گۇمنام دېگەن تەخەللۇسنى ئىشلەتكەن
بۇ توغرۇلۇق ئىسھاق ئىبن زىياۋۇدۇن «تەزكىرەئى
قەلەندران»(1719-يىلى يېزىلغان)ناملىق كىتابىدا مۇنداق
.ئۇچۇر قالدۇرغان

پىرمەت سېتارى رىۋايەت قىلىدۇركى،بىر نەچچە پۇرسەت »
پىقىر مەشرەبى مەجزۇپ خوجام پاشانىڭ يازلىق قارارگاھى
بولمىش گۈلباغ مەۋزەئىنىدىكى بېغىدا خىزمەت ئاداسىدا
بولدۇق.مەزكۇر باغ رەۋزائى رىزۋاندىن نىشانە ئىدى.
جەننەتسىمال باغنىڭ مۇتەسسەددىسى خوجا
پاشا خىشەلەرى بولمىش مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇلى
ھىرقەتى ئىدى. مەزكۇر ھىرقەتى يەنە گۇمنام تەخەللۇسى
قىلار ئەردى. ئانىڭ قەلەمىدىن بەغايەت پۇرمەئىنى
ئەبياتلار زوھۇرغا كەلمىشدىكىم، گۇمنام ئۇلارنى بىر يەرگە

.«جەملەپ، ئەشئار دىۋانى ھەم تەرتىپ بەرمىشتى
دىۋانى گۇمنام»دا غەزەل ئاساسىي سالماقنى ئىگەللەيدۇ. »
.بۇندىن باشقا مۇخەممەس، رۇبائىي، تەرجىبەندلەرمۇ بار
:چۈشەندۈرۈشلەر
① ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللاردا بۇ داستان
1670-يىلى يېزىلغان،شائىر 16 يىل مەدرىستە
ئوقۇپ،ئەرەبچە،پارسچە تىللارنى ياخشى ئۆگەنگەن ۋە
شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقان، دېگەن
مەلۇماتلار بېرىلگەن بولسىمۇ، بۇلارنىڭ مەنبەئە ئاساسى
ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن. شۇڭا،بۇلار توغرىسىدا قايتا
.تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ
② داستاننىڭ بىردىن-بىر قولىيازمىسى ھازىر ش ئۇ ئا ر
مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ،نومۇرى 004، ئىلگىرى يەنى
1957-يىلى،1982-يىللىرى ر.جارى قاتارلىقلار تەرىپىدىن
قىسقارتىلىپ ئېلان قىلىنغان.1993 ۋە 1995-يىللىرى
ئى.يۈسۈپ، ئا.خوجىلار تەرىپىدىن قايتا تولۇقلىنىپ
«بۇلاق» ژورنىلىنىڭ 1993-يىلنىڭ3-،4-سانلىرىدا ۋە
ئايرىم كىتاپچە بولۇپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تەرىپىدىن 1995-يىلى نەشر قىلىندى. بۇ قېتىم بۇ
كىتاپتا ئاخىرقى قېتىم نەشر قىلىنغان نۇسخىسى
.ئاساسىدا تونۇشتۇرۇلدى
③ ئاپتور ئۆزى «مۇقەددىمە» دېمىگەن. بايان قىلىشقا
.ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن،شۇنداق ئاتاپ تۇرۇلدى
④.«شەرق يۇلتۇزى»1990-يىللىق8-سان، تاشكەنت».

⑤ م.ئوسمانوۋ نەشرگە تەييارلاپ،«بۇلاق»ژورنىلىنىڭ
1981-يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلىنغان گۇمنام
(غەزەللىرىگە قاراڭ. (ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى

## ئاپئاق خوجا

بىزنىڭ كېيىنكى ئۇتتۇرا ئەسىرلەر تارىخىمىزدا ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە سەلبىي قىلمىشلىرى بىلەن نام قالدۇرۇپ ئۆتكەن چوڭ خوجا - ئىشانلارنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى - ئاپئاق خوجا (ھىدايىتۇللا خوجا) دۇر.

ئاپئاق خوجا - خوجا مەخدۇم ئەزەمنىڭ پەر نەۋرىسى - (مۇھەممەد يۈسۈپ خوجىنىڭ ئوغلى) بولۇپ، مىلادى 1626- يىلى قۇمۇلدا قەشقەرلىك سەئىد جېلىل قەشقىرى دېگەن كىشىنىڭ قىزى زۇلەيخا بېكىم (بېكىم بېگىم مەنىسىدە - ئا) دېگەن خاتۇندىن تۇغۇلغان. 1633- يىلى دادىسى بىلەن سوپىلىق قىلىپ قەشقەرگە پەيدا بولغان. 1660-يىلى 34- يېشىدا يەكەندە مەكتىلىك ئوبۇل ھادى بەگنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن. 1678- يىلدىن 1694- يىلغىچە 16 يىل قەشقەرىيە (ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ) گە «خان» لىق قىلغان. ئۆمرىدە «ئەۋلادى پەيغەمبەر خوجا» - «ئەۋلىيا خوجام»( )، «ئاپئاق خوجا»، «ئىشان نۇر ئاللاھ»( )«ئىشان ئەلەيھى»، «ئاللاھ خوجام»( )، «پېشىۋاھى ھەزرەت»، «ئاباخ خوجا»( ). «تورلوك ئاباخ»( ) دېگەندەك ناملارنى قوللانغان ياكى قوبۇل قىلغان. 1693- يىلى يازدا ئوغلى (شۇ چاغدىكى قەشقەرنىڭ باش ھۆكۈمرانى) يەھيا خوجا (خان خوجا دەپ ئاتىلىدۇ) غا: «... ئەي قەدىرلىك پەرزەنت، مۇشۇ يەر ھەممە يەرلەردىن ئوبدانراق ئىكەن. بۇ يەرگە ئېگىز بىر گۈمبەز قىلىڭ، ئۇ - تا قىيامەتكىچە بۇزۇلمىسۇن....» (ئاپئاق خوجا تەزكىرىسى كۆچۈرۈلمە نۇسخا 41- بەت) دېگەن بۇيرۇقنى بېرىپ، دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ خوجىنىڭ قەبرىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا ھازىرقى ئاپئاق خوجا مازىرىنىڭ ئەسلىنى

ياساتقان ھەم ئۇنىڭغا دەسلەپتە «مازارى شاھان» (مازارلار شاھى) دەپ نام قويغان. ھىجرىيە 1115- يىلى يەنى يولبارس يىلى ماھى سەپەر ئېيىنىڭ 16- كۈنى (مىلادى 1694- يىلى 2-ئاينىڭ 10- كۈنى) ئۆزىنىڭ تاغىسى خوجا ئىشاق ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن ھوقۇق، ئىنتىقام ئاداۋىتى بىلەن يەكەن شەھرىدە 68 يېشىدا زەھەرلەپ مەخپىي ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. جەسىتى شۇ يىلى قەشقەر شەھىرىگە يۆتكىلىپ كېلىنىپ، ئۆزى ئۆلۈشتىن يەتتە ئاي بۇرۇن ياستىپ قويغان «مازارى شاھان» غا دەپنە قىلىنغان.

ئاپئاق خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى خوجايەھيا شۇ يىلى دادىسىنىڭ قەبرىسىنى چوڭ گۈمبەز ئىچىگە ئالدۇرۇپ، گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە پارسچە

ئاپئاق خوجا خۇدانىڭ ئاشىقى ئىدى»، «يەككە - يېگانە » مەشۇق ئىدى» دېگەن خەتنى يازغۇزۇپ، بۇ يەرنىڭ نامىنى «مەزرىنى ئاپئاق مازىرى» قىلىپ بېكىتكەن.





ئاپئاق خوجا مىلادى 1640- يىللار ئەتراپىدا دادىسىنىڭ سوپىلىقنى ئۆگىنىپ قەشقەردە مۇرەتتەپ (پىششىق) سوپى ھەم تونۇلغان ۋائىز (مەدداھ) لاردىن بولۇپ قالغان.

1644- يىللىرى

دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ خوجا ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى (خوجا ئىشاقنى ۋەلىنىڭ نەۋرىسى) خوجا ئابدۇللا ئىشان تەرىپىدىن دىنىي ھوقۇق، ئىمتىياز تالىشىش ئاداۋىتى بىلەن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇ دەرھال دادىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى «پىر» ئېلان قىلغان ھەم دادىسى يۈرگۈزۈپ كەلگەن «ئىشقىيە سۈلۈكى» گە ۋە بۇ «سۈلۈك» مۇرىتلىرىنىڭ ئومۇمىي ھەرىكەتلىرىگە باشچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولغا ئالغان.

ئاپئاق خوجا ئوتتۇرىغا چىققان بۇ چاغ _ قەشقەرىيەدە بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىككى چوڭ سوپىلىق سېپى _ «ئىشقىيە» چىلەر سېپى بىلەن

«ئىشاقىيە» چىلەر سەپلىرىنىڭ ئىچكى كۈرەشلىرى ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ تۇرغان يامان چاغقا توغرا كەلگەن( ). مۇشۇنداق كەسكىن كۈرەش ئىچىدە باش كۆتۈرگەن ئاپئاق خوجا يەنىلا ئۆز رەقىبى بولغان «ئىشاقىيە» چىلەرگە قارشى كۈرەشتە غەلىبە قىلىش، ئاخىرى بېرىپ پۈتۈن قەشقەرىيىنىڭ بىردىنبىرى چوڭ دىنىي ھۆكۈمرانى بولۇپ مەيدانغا چىقىشىنىڭ بىر يۈرۈش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، ئىجرا قىلىشقا كىرىشكەن:
1. ئۆزىنى «سەئىد» ئاتاپ («مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 27- ئەۋلاد نەۋرىسىمەن» دەپ ئېلان قىلىپ) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «ۋارىس» لىك قىلىۋاتقان «ئۇلۇغ زات» قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، تۇنجى قېتىم قەشقەردە ئەتراپىغا ئادەم يىغىش، مۇرىت كۆپەيتىش ۋە ئۆز يېقىنلىرى ئارقىلىق قەشقەر مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا «... خوجام دەرگاھىغا كېلىپ مۇرىت بولغۇچىلارنىڭ ھەر قانچە ئېغىر گۇناھلىرى بولسىمۇ گۇناھىدىن ساقىت بولىدۇ...»، «ئىنسان سۆلۆككە كىرسە (خوجامغا مۇرىت بولسا دېمەكچى - ئا) ئۇرنى بارغانسېرى ئاشىدۇ. ئاللاھنىڭ زاتىغا ئۇلىشىدۇ ۋە ئەبەدىيلىشىدۇ. مۇشۇ يول بىلەنلا خۇداغا يېقىنلىشىش مۇمكىن... »، « ... خوجام(ئاپئاق خوجىنى دېمەكچى- ئا) ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن مۆمىنلەرگە «پىر»، «ئۇستاز» بولۇش ئۈچۈن كەلگەن «ئەۋلىيا» دۇر... »، «پەيغەمبەر بىلەن ئوخشاشتۇر...»، «... بىرەر كىشى ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتىپ دىنىنىڭ پۈتۈن ئەركانلىرىنى ئورۇنلىغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر «ئەۋلىيا»،«پىر» غا قول بەرمەيدىكەن، ئىشەنمەيدىكەن گۇناھكار بولىدۇ. قىلغان ئىبادەتلىرى قوبۇل بولمايدۇ...» («تەزكىر پىر ياران» دىن) دېگەندەك تەشۋىقاتلارنى ئۆزىنىڭ تاللانغان، سۆزمەن، تەشۋىقاتچىلىقتا چېنىققان، ئەل ئىچىدە تونۇلغان

مەدداھلىرى ئارقىلىق كەڭ دائىرىلەر، يىراق جايلار بويىچە
ئۆزۈلدۈرمەي خېلى يىللار داۋاملاشتۇرغىنى ئۈچۈن، پۈتۈن
قەشقەرىيەدە ناھايىتى تېزلىكتە نامى چىقىشقا
..........باشلىغان

خۇددى«تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» دە 2.
كۆرسىتىلگەندەك: «... بۇ زات ھەر يىلى مازار - ماشايىقلارنى
تاۋاپ قىلىپ، قەدىم جايلارنى يوقلاپ، شەھەرلەرنى كۆرۈپ،
يۇرتلارنى ئارىلاپ، ئەل - خالايىققا كۆرۈنۈپ، دۇئا بېرىپ،
مۈشكۈللىرىگە ئاسايىشلىق تىلەپ، باشلىرىنى سىلاپ،
سايىۋەن بولۇپ تۇرۇش» نى زادىلا قولدىن بەرمىگەن. يەنە
شۇ كىتابتا: «... بۇ زات ئۈچتۇرپانغا بارغاندا خالايىق «بىز
كۈتكەن سەئىد مۇشۇ ئىكەن» دەپ ئەقىدىلىرىنىڭ
كۈچلۈكلۈكىدىن ئاتلىرىنى يىلقىسى (بايتىلى) بىلەن،
قويلىرىنى قوتىنى بىلەن، كالىلىرىنى ئېغىلى بىلەن ھەدىيە
قىلىپ بېرىپ دۇئاسىنى ئالدىلەر...» دېيىلگىنىدەك، ئاپئاق
خوجا قۇمۇلدىن تارتىپ خوتەنگىچە بولغان شەھەر، بازارلارنى،
قەدىم جايلارنى بىر نەچچە قېتىمدىن زىيارەت قىلىپ، بۇ
جايلاردىن مۇرت توپلاپ، «ئۇلۇغ» لاردىن «دۇئا» ئېلىپ،
كىشىلەرگە «دۇئا» بېرىپ تاپاۋەت تېپىپ، ئۆزىنىڭ
ئىجتىمائىي ئۇلىنى چىڭىتىپ بارغان. «تەزكىرە پىر ياران»
دا كۆرسىتىلىشىچە، ئاپئاق خوجا مىلادى 1635- يىلدىن
1677- يىلغىچە قۇمۇل، تۇرپان، قارا شەھەر، كوچا، ئاقسۇ،
قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئۈچتۇرپان، يېڭىسار، سېرىققۇل،
بەدەخشان (ئافغانىستان)، كەشمىر، كاسان، پەرغان، ئىلى،
راجىدان (جاممۇ) قاتارلىق جايلاردا مازاركەزدىلىك، ئىشانلىق
سەپىرىدە يۈرۈپ، ئىرشاتنامە تارقىتىپ، نۇرغۇن
مۇسۇلمانلارنى سوپىلىققا ئالغان. مۇرت كۆپەيتكەن.
ئاقسۇدىكى «قۇرمىش ئاتام»، تۇرپاندىكى «ئەشابۇل
كەئەب»، يەكەندىكى «ئالتۇنلىرىم»، ئاتۇشتىكى

«سۇلتانوم»، كۇچادىكى «مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىئۇللا»، خوتەن - ئىلچىدىكى «ئىمام زەينۇل ئابىدىن»، نىيە ناھىيىسى تەۋەسىدىكى «ئىمام جەپەر سادىق»، قارىقاشتىكى «ئىمام مۇھەممەد ھەسەن ئەسكىرى»، چىرىيىدىكى «ئىمام جەپەر تەيران»، قاغىلىقتىكى «زۇنلان»، «جەمجۇم» قاتارلىق 30 نەچچە مازارنى كېزىپ ۋە بەزىلىرىنىڭ پەخرىي شەيخلىق دەرىجىلىرىنى قوشۇمچە قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ تەرەپتىكى تەسىرى ئاساسىنىمۇ كېڭەيتكەن. مۇرىت، شېرىك، يارانلارنى ئاۋۇتقان. مىلادى 1669- يىلىغا كەلگەندە خۇددى «يەكەن تارىخى» 38- بېتىدە كۆرسىتىلگەندەك: «... ھىدايىتۇللا ئاپئاق بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشتا ئىسمائىلخاندىن ئۆزىنىڭ مۇرىتلىرىدىن سىېلىق ئالماسلىقنى تەلەپ قىلغان. ئىسمائىلخان ماقۇل بولغان. شۇنىڭ بىلەن بۇنى ئاڭلىغان خەلق خوجا ھىدايىتۇللاغا كۆپلەپ مۇرىت بولۇپ، پەقەت بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا 30 مىڭغا يېقىن كىشىگە يېتىپ»، قەشقەرىيەنىڭ خېلى بىر قىسىم جايلىرىدىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا ئاپئاق خوجا تەرىقىتىنىڭ «ئىشقىيە» سۇلۇكى بىر خىل يېڭى دىنىي ئىدىيە سۈپىتىدە .تارقىلىشقا باشلىغان.

مىلادى 1666- يىللار ئەتراپىدا قەشقەرىيىدە ئاپئاق خوجا باشچىلىقىدىكى «ئىشقىيە» چى سوپىلار بىلەن ئەبەيدۇللا خوجا باشچىلىقىدىكى «ئىشاقىيە» چى سوپىلار ئوتتۇرىسىدا ئۆز سەپلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، كۈچەيتىش ھەرىكىتى كۆتۈرۈلگەن.ئاپئاق خوجا ئۆز مۇرىتلىرىنى «ئىشاقىيە» تەرەپدارلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ھەم ئۆز سېپىنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق قىلىپ بەلگىلەش ئۈچۈن، ئۆز مۇرىتلىرىنى ئاق تەقى (ئاق تۇماق - ئاق دوپپا) كىيىشكە بۇيرۇغان ھەم بۇ شەرتلىك بەلگىنى «ئىشقىيە»

لەر سىپىننىڭ مۇقىم بەلگىسى قىلىپ بېكىتكەن.
ئەبەيدۇللا خوجىمۇ ئۆز مۇرىتلىرىنى «ئىشقىيە»
تەرەپدارلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قارا تەقى (قارا تۇماق)
كىيىشكە بۇيرۇغان ھەم بۇ شەرتلىك بەلگىنى
«ئىشاقىيە» لەر سىپىننىڭ مۇقىم بەلگىسى قىلىپ
بېكىتكەن.ئىككى گۇرۇھنىڭ باشلىقلىرى دىن ۋە دىنىي
ئىشلارنىڭ ھوقۇقىنى ئۆز قوللىرىغا مەركەزلەشتۈرۈش
ئۈچۈن، ئۆزئارا قانلىق كۈرەشلەرنى زادىلا توختاتماي،
ئىسمائىلخان ھاكىمىيىتىنىڭ مۇقىم، تېنچ- ئىتتىپاق
بولۇشىغا خەۋپ يەتكۈزۈشكە باشلىغان،بولۇپمۇ ئاپپاق
خوجا 1671- يىلى ئاپئاق خوجا سوپىلىرى ئىسمائىلخان
ئەمەلدارلىرىنىڭ نەسىھەت، توسۇشلىرىغا بوي بەرمەي
يەكەندە «قارا تاغلىق خوجىلار» نىڭ ئەدىپىنى يەنىمۇ
قاتتىقراق بېرىشكە كىرىشكەن. بۇ ئەمەلىيەتتە
ئىسمائىلخانغا قىلىنىۋاتقان بىر خىل خىرىس ئىدى.
ئىسمائىلخان بۇنى سېزىپ قىلىپ، شۇ يىلى يازدا ئاپئاق
خوجىنى بىر نەچچە چوڭ شېرىكى بىلەن قوشۇپ
قەشقەرىيەدىن زورلۇق كۈچ بىلەن ھەيدەپ چىقارغان.
ئۇنىڭ زوراۋان «سوپى» لىرىدىن، قاتىل «پىر» لاردىن بىر
نەچچىنى جازالاپ، قالغانلىرىنى تېنچ پۇقرادارچىلىق قىلىشقا
بۇيرۇغان. قارا تاغلىق خوجا ئىشانلارمۇ خانلىقنىڭ
تېگىشلىك قانۇن، چەكلىمىلىرى ئىچىدە پۇقرادارچىلىق
قىلىشقا بۇيرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن قەشقەرىيىدە «ئاق
تاغلىق»، «قارا تاغلىق» لار ماجرالىرى بىر مەھەل پەسىيىپ
جەمئىيەت تىنجىغان.
ئاپئاق خوجا قەشقەرىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن
كېيىن ئۆزىنىڭ بىر نەچچە شېرىكى بىلەن قوغلاندىلىق
سەپىرىنى باشلاپ، ئاخىرى سېرىقۇل (تاشقورغان) دىكى
مىڭ تىكە، كۆكتۇرۇك داۋىنىدىن ئافغانىستان تەۋەسىگە

ئېشىپ، شۇ يىلى 9- ئايدا بەدەخشان شەھىرىگە
بېرىۋالغان. خۇددى «تەزكىرە پىر ياران» دا
كۆرسىتىلگەندەك: «... بۇ زات بەدەخشان دىيارىدا خۇدايى
مۇساپىر، خودايى ساھىل ...» بولۇپ قالغان. يەنى
بەدەخشاندا ھەم تىلەپ، ھەم «دۇئا» قىلىپ يەيدىغان
خۇدايى گادايلاردىن بولۇپ كۈن ئۆتكۈزۈش ھالىتىگە
چۈشۈپ قالغان. مىلادى 1676- يىلغىچە بەدەخشاننى
چۆرىدەپ كەشمىر، رەجىدان، ۋاخان، پەرغانە، كاسان، ئىلى،
تىبەت، ھىرات قاتارلىق جايلاردا دۇئاگۇيلۇق بىلەن سوپىلىق
قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىرى 1677- يىلى كۈزدە ئۈچ ھەمراھى
بىلەن شىنجاڭنىڭ جۇڭغارىيە قىسمىدا شۇ چاغدا
ياشىغان تورغۇۋۇت موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ 27- خوپۇسى
(لاماسى) شىڭ جىڭ خوپۇنىڭ دالايىنى تاۋاپ قىلغۇچى
ھەمراھلىرىغا قوشۇلۇپ، تىبەتنىڭ لىخاسا شەھىرىگە بېرىپ،
مىڭ تەسلىكتە شۇلارنىڭ تەركىبى ھېسابىدىن دالاي لاما
5 (ئەسلى ئىسمى دوبدون سىبرىن جامبول لاما) نىڭ
قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان.
بورقۇم ئەۋلىيا» دېگەن قولىيازمىسىنىڭ «سوقچى ئارخون» »
دېگەن بابىدا يېزىلىشىچە: ئاپئاق خوجا دالاي
ئىبادەتخانىسىغا ئون قېرىن - ئون چارەك سېرىق ياغ ئالغاچ
كىرىپ، بۇدقا باش ئۇرغان، دوم يېتىپ دۇئا قىلغان «تارىخىي
نادىرىيە» دە مۇنداق يېزىلىدۇ: «... مەن مۇسۇلمانلار
پىرقىسىنىڭ خوجىسىدۇرمەن. ياركەند، كاشغەر مېنىڭ
مۇرىت - مۇخلىسلىرىمدۇر. ھالا بىراۋ كېلىپ مەندىن سويۇپ
ئېلىپ مېنى قوغلاپ چىقاردىلەر. سىزدىن تىلەيدۇرمەنكى،
كىشى بۇيرۇپ مېنىڭ يۇرتۇمنى قولۇمغا ئېلىپ
بەرگەيسىز...»، «بىراھمان - بۇد شەيخى (دالاي لاما 5)
بۇ يەردىن ئۇ يەرگە كىشى بارمىقى بىسىيار> :ئەيتىپدۇركى
دەپ ئىلدىكى قالماقلار تۆرەسى (غالدان <دىشۋاردۇر

قۇنتەيجىگە دېمەكچى - ئا) گە نامە پۈتتىكى:«... ئەي!
بۇشۇدىخان خوجا ئاباخ بىسىيار ئۇلۇغ كىشى ئىكەن.
ياركەند، كاشغەرنىڭ خوجىسى ئىكەن. بۇنىڭ يۇرتىنى
ئىسمائىلخان سويۇپ ئېلىپ، بۇ قوغلاپ چىقىرىپتۇر. كېرەككى
ئەسكەر بېرىپ يۇرتىنى قولىغا ئېلىپ بەرگەيسىز. ۋاللاھ
«...ئىشى كامال بولغۇسىدۇر. نامە - تامام
بۇ نامەنى ئالغان ئاپئاق خوجا كۆككۆل (چىڭخەي)
ئارقىلىق قۇمۇلغا كېلىپ قىشلاپ، 1678- يىلى باش
ئەتىيازدا ئىلىغا كېلىپ، دالاي 5 نىڭ خېتىنى غالدان
قۇنتەيجىگە تاپشۇرغان. بۇ چاغلاردا لىخاسا شەھىرىدىكى
دالاي لاما ئىبادەتخانىسى پۈتۈن ئاسىيادىكى
بۇددىستلارنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان دىنىي مەركىزى بولۇپ،
ئۇلارنىڭ دالاي لاماغا بولغان دىنىي ئېتىقادى ناھايىتى
كۈچلۈك ئىدى. دالايغا چوقۇناتتى، ئەمرىدىن
چىقمايتتى.غالدان قۇنتەيجى مۇشۇ خەتنىڭ مەزمۇنى
بويىچە ئاپئاق خوجىنى كاتتا ئىززەت - ھۆرمەتلەر بىلەن
كۈتۈۋېلىپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاش (قەشقەرىيە
خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ ئۆزىنىڭ «بۈيۈك جۇڭغار» دۆلىتىنى
كېڭەيتىش) تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتكەن. ئاپئاق
خوجىمۇ قەشقەرىيە تەۋەسىدىكى بەزى شېرىك، مۇرىتلىرى
بىلەن مەخپىي ئالاقىلەرنى ئورنىتىپ، ئىسمائىل خاننى
ئىچكى جەھەتتىن ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ چارىلىرىنى
ئىزدىگەن. ئاپئاق خوجا 1678- يىلى 6- ئايدا غالدان
قۇنتەيجى قوشۇپ بەرگەن، غالداننىڭ ئوغلى سېرىن رابدان
قوماندانلىق قىلىدىغان 12 مىڭ كىشىلىك جۇڭغار
قوشۇنىنى ئەگەشتۈرۈپ، قەشقەر تەۋەسىگە بېسىپ
كىرىپ، ئىچكى جەھەتتە بىر قىسىم «ئاق تاغلىق»
خوجىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، قاتتىق جەڭلەر ئارقىلىق،
قەشقەر ھاكىمى - ئىسمائىل خاننىڭ ئوغلى باباق سۇلتان

باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر سەركەردىلىرىنى تامامەن قىرىپ تاشلاپ، قەشقەرنى بېسىۋالغان. شۇ يىلى 8- ئايدا يەكەنگە ھۇجۇم قىلىپ، 40 كۈن سوقۇشۇپ ئاران دېگەندە يەكەن شەھىرىنىلا ئالغان. «بورقۇم ئەۋلىيا» دا كۆرسىتىلىشىچە: ئىسمائىلخان مۇسۇلمانلار قانلىرىنىڭ بىھۇدە، ناھەق، ئورۇنسىز ئېقىشىدىن ساقلىنىپ قېلىش، ئىشلارنى گەپ - سۆز بىلەن، مادارا، مۇرەسسە يولى ئارقىلىق ھەل قىلىش نىيىتىدە ئۇلارغا شەھەر دەرۋازىسىنى قارشىلىقسىز ئاچقۇزۇپ بەرگەن. لېكىن ئاپئاق خوجا كۈچلىرى شەھەرگە كىرىۋالغاندىن كېيىنلا، ئىنتايىن چوڭ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشكە، شەھەرنى ۋەيران قىلىپ تاشلاشقا باشلىغان. يەكەن مۆتىۋەرلىرىدىن قولغا چۈشكەن ھەۋەزبېك قاتارلىق 81 چوڭ ئەربابنى قاتار باغلاپ، بىر باشتىن تىرىك تۇرغۇزۇپ يۈرىكىنى ئېلىپ ئۆلتۈرۈپ، يۈرەك قېنىنى غالدان ئەسكەرلىرىنىڭ قىلىچلىرىغا سۈرتۈپ، قان سۈرتۈلگەن قىلىچلارنى كۆتۈرگەن ئەسكەرلەرنى كوچىلارنى «تەكشۈرۈش»، «تىنچىتىش»، جازالاش ئىشلىرىغا قويۇۋەتكەن. بۇ خىل «تىنجىتقۇچى» قاتىللار يەكەن شەھەر ئىچىدە چوڭ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن. ئوت قويۇپ شەھەرنىڭ بىر قىسمىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. قىرغىندىن قېچىپ شەھەر ئىچىدىكى ئالتۇن مەدرىسگە كىرىپ ئىبادەت قىلغۇچىلار سۈپىتىدە جىم ئولتۇرۇۋالغان مىڭدىن ئارتۇق بىگۇناھ كىشىنى مەدرىسىنىڭ 360 خانىلىق ھوجرىسى ۋە پۈتۈن مەدرىسە بىناسى بىلەن قوشۇپ بىراقلا كۆيدۈرۈۋەتكەن. يەكەن شەھەر ئىچىدە ئەنە شۇ زامانلاردىن بېرى «جىن مەدرىسە» نامى بىلەن يادلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ ئورۇن - شۇ چاغلاردا ھەزرىتى ئاپئاق خوجا «ئىلتىپاتى» بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن 1000 دىن ئارتۇق بىگۇناھ ئۇيغۇرنىڭ «جىن» لىرى (روھىناتلىرى) ساقلىنىپ

تۇرغان تارىخىي ئورۇندۇر. شۇنداق قىلىپ ئاپئاق خوجا يېتەكچىلىكىدىكى رەھىمسىز جۇڭغار قوشۇنلىرى يەكەن ئەھلىنى - «قارا تاغلىق» لار نامى بىلەن دەھشەتلىك قىرغان. نۇرغۇن كوچا، مەھەللىلەرنى كۆيدۈرگەن، مىڭلىغان ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنى دەپسەندە، ئاياق - ئاستى قىلغان. ئۇيغۇر خانى ئىسمائىلخاننىمۇ ئەسىر ئېلىپ پۈتۈن ئۇرۇق - ئەۋلادى بىلەن قوشۇپ «بوز قوم ئەۋلىيا» دا ...... «67 كىشىنى ....» دېيىلگەن) ھەممە تۇخۇمىنى بىراقلا قۇرۇتۇۋېتىش ھۆكۈمى بىلەن ئىلى جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئىختىيارىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. قەشقەرىيەنىڭ ھەممە جايلىرىدا جۇڭغار ئىدارىچىلىق تۈزۈمى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ «يېڭى مەجبۇرىيەت» لىرى ئورنىتىلغان. پۈتۈن خەلق ئۇلارغا شەرتسىز بىردەك ئىتائەت قىلىشقا، قۇل بولۇشقا مەجبۇر قىلىنغان. تېگىشلىك مۇھىم شەھەر، بازار، يۇرتلارنىڭ ھەممىسىدە جۇڭغار قىسىملىرىنىڭ مۇقىم تۇرالغۇ - باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنىپ «دەخلىسىز»لىكى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلگەن. بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ئاپئاق خوجا شۇ يىلى قەشقەرىيەنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇرۇشىدا قولغا چۈشكەن «ئەسىر»لەردىن بىر قېتىمدىلا 120 ئورۇندا 400 دىن ئارتۇق «قارا تاغلىق» «چوڭ ئۇرۇش جىنايەتچىسى» نى ئۆلتۈرگەن. 300 «ئىشاقىيە» چى خوجا، ئىشاننى «ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى» سۈپىتىدە باغلاپ، چېتىپ ماڭغۇزۇپ، ئىلىغا - غالدانىنىڭ جازالىشىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. ئاپئاق خوجا ئەمەلدارلىرىمۇ قەشقەرىيەدىن شۇ قېتىمدا نەچچە مىڭلىغان «تۇتقۇن» خوتۇن - قىزلارنى جۇڭغار ئەسكەرلىرىنىڭ خوتۇن قىلىشى، ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەتلىك «غالجا» لىققا تۇتۇپ بېرىشكەن. ھەم بىر بۆلۈم خوتۇن - قىزلارنى يىغىپ غۇلجىدىكى جۇڭغار ئەمەلدارلىرىغا

«سوۋغات» ھېسابىدا يوللاپ بېرىشكەن. غالدان سېرىن
قەشقەردىن ئىلىغا (دادىسى ئالدىغا) قايتماقچى بولغاندا،
ئاپئاق خوجا: «... ئەھلى مەملىكەتنىڭ مەشھۇرىيتى
بىلەن قۇرۇق قايتمىغايلەر» دەپ 4000 ياقا ئېسىل تون،
سەرپاي، 400 مىڭ سەر كۆمۈش تەڭگە...» («تارىخي
نادىرىيە» دىن) يوللۇق تۇتۇپ ھەم شۇ چاغدىن كېيىن ھەر
يىلى يەنە 400 مىڭ سەردىن كۆمۈش تەڭگە بېرىپ
تۇردىغانلىقىنى مەجبۇرىيەت ۋەدىسى قىلىپ،
ئەگەشتۈرۈپ ماڭغان «غالجا» لىرى قوشۇپ (ئۇلارنىڭ
مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرى ئىدى) تولۇق
قۇللۇق بىجا كەلتۈرۈپ، رازى قىلىپ ئۇزىتىپ قويغان. پاك،
پاكىز، باكىر، گۈزەل مۇسۇلمان قىزلىرىنى ئابرويى ئۈچۈن ئەڭ
ياۋۇز، قانخور، ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئەشەددى دۈشمەنلىرى
ھېسابلىنىدىغان بىر بۆلۈم قارابىس زالىملارنىڭ قولىغا
«تۆھپە»، «ئولجا»، «غەنىمەت» قىلىپ «تەقدىم» قىلىش،
تۇتۇپ بېرىش - مۇھتەرەم ئاپئاق خوجا ئىدىيىسىنىڭ ئەڭ
.يىرگىنچلىك خاسىيىتىدۇر
ئاپئاق خوجا «خان» لىق تەختتە ئاپئاق خوجا
يۇقۇرىدىكى چوڭ تۆھپىلىرى بىلەن غالدان قۇنتەيجى
ئوردىسىدىن ئىسمائىلخاننىڭ «ئورنى» نى ئېلىپ مىلادى
1678- يىلى 10- ئايدىن ئېتىبارەن قەشقەرىيەگە
«خان» لىق قىلىشقا باشلىغان. لېكىن قەشقەرىيە خەلقى
ئاپئاق خوجىنىڭ بۇ خىل رەزىل «ھاكىمىيىتى» گە
قارشى كۈرەشنى زادىلا توختاتمىغان. 1679- يىلى
ئەتىيازدا ئىسمائىلخاننىڭ ئىنىسى_ئۈچتۇرپان ھاكىمى
مۇھەممەد ئىمىنخان (ئىمىرخان) باشچىلىقىدا ئۈچتۇرپان
خەلقى ئاپئاق خوجا بىلەن ھامىلىقىدىكى جۇڭغار كۆچلىرىگە
قارشى كۆتۈرۈلۈپ، ئاخىرى تاجاۋۇزچىلارنى ئاپئاق خوجا بىلەن
قوشۇپ قەشقەرىيە تەۋەسىدىن تەلتۆكۈس قوغلاپ

چىقىرىۋەتكەن. 30 مىڭنى تۇتۇۋېلىپ توۋا قىلدۇرغان. لېكىن ئاپئاق خوجا بۇ مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي. ئىچكى جەھەتتىن قەشقەرىيە تەۋەسىدىكى «ئاق تاغلىق» شېرىكلىرىنى، مۇرىت - سوپىلىرىنى قۇترىتىپ، تاشقى جەھەتتىن غالدان قونتەيجىنىڭ يەنە 15 مىڭ كىشىلىك تاللانغان ئاتلىق قوشۇنىنى ئىشقا سېلىپ (كۆچ كۆرسىتىپ) 1679 –يىلى كۆدە مۇھەممەد ئىمىن خاننىڭ قان تۆكۈشنى توختىتىش شەرتىگە قول قويۇپ سۈلھىلىشىپ، مۇھەممەد ئىمىن خانغا كۈيئوغۇل بولۇپ، قەشقەرىيىدە شېرىك «خان» لىق ئورنىغا ئىگە بولۇۋالغان. بىر نەچچە ئايدىن كېيىنلا سۈلھىنى بۇزۇپ مۇھەممەد ئىمىن خاننى سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈپ، «خان» لىقنى تولۇق ئىگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن 1514- يىلدىن 1679- يىلىغىچە 165 يىل داۋام قىلغان سەئىدىيە ئۇيغۇر خانلىقى ئاخىرلىشىپ، قەشقەرىيەدە ئاپئاق خوجا ۋاستىچىلىقىدىكى جۇڭغار (قالماق) لار ھۆكۈمرانلىقى باشلانغان. يەنى قەشقەرىيە جۇڭغار ھەربىي فېئودال خانلىقىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقى جۇڭغار زالىملىرىنىڭ قۇللۇق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەن.غالدان ئاپئاق خوجىنى قەشقەرىيەگە «خان» قىلىپ تەيىنلىگەندىن كېيىن، ئىلىنى پايتەخت قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى پەۋقۇلئاددە ياۋۇزلۇق بىلەن داۋاملاشتۇرغان. بۇ توغرىدا «تارىخىي ھەمىدىيە»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «قالماقلار خوجاملار بىلەن بىرلىشىپ شېرىكلىك بىلەن يۇرتنى سورايدىغان بولدىلەر. بىر تورەنج (بىر نەسەب) قالماقلار بىر شەھەردە تۇرىدىغان بولدى. خوجاملار باج - خىراج ئورنىدا ھەر يىلدا ئىلىغا ماتا، پۇل چىقىرىپ تۇردىلەر... خوجاملارمۇ قونتەيجى پەرمان - ئىتائىتىگە بويسۇنۇپ، ھەر يىلدا بىر ۋە يا ئىككى نۆۋەت

تارتىق - پېش - كەش بىلەن چىقىپ كۆرۈنۈش قىلىپ، جاۋاب بولغانلىرىدا يېنىپ كېلىپ ھەر قايسىلىرى ئۆز جايلىرىدا بەر قارار بولۇر ئىكەنلەر...». بىزنىڭ ئۇتتۇرا ئەسىر تارىخىمىزدا پەيدا بولغان تۇنجى قورچاق «ھاكىمىيەت»_ئەنە شۇ ئاپئاق خوجا «خان» لىقىدۇر. بۇ خانلىقنىڭ ھىمايىسىدىكى جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى ئەنە شۇ چاغلاردا قەشقەرىيەدىن مىڭ - مىڭلاپ گۈزەل ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنى، ماھىر ھۈنەرۋەن، ئالىم، سەنئەتكار، يازغۇچى، دوختۇر، ئۇلىما، مۇدەررىسلەرنى «ئەسىر» قىلىپ تۇتۇپ ئېلىپ كېتىشكەن. قەشقەرىيە خەلقىدىن ھەر يىلى سانىسىزلىغان ئېغىر سېلىقلار (ئالتۇن، كۈمۈش، يىپەك، يىپەك توقۇلما، قول ھۈنەر بۇيۇملىرى، تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى قاتارلىقلار) نى ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ تۇرغان. بۇ خىل سېلىق توغرىسىدا «تارىخىي نادىرىيە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «... ئەھلى بىدئەتلەر (تۆۋەن قاتلام نامراتلا دېمەكچى - ئا) ... سائەتەن بىسائەتەن (ھەر ۋاقىت، ۋاقىتسىز - ئا) زىيارە قىلىپ (نارازىلىق بىلدۈرۈپ - ئا) ... پەقىرلەر باشتىن خالى بولماي (نامراتلارنىڭ باش ئاغرىتىشى تۈگىمەي - ئا) ئارانلىقتا ھەر يىلدا 400 مىڭ سەر تەڭگىگە توختىدىلەر...». ئاپئاق خوجا بولسا، خۇددى «تەزكىرە پىر ياران»نىڭ تەرىپات بابىدا تەرىپلەنگەندەك: «تەخت - سەلتەنەتتە ئولتۇرۇپ، ھەمىشە مەسنۇۋى شېرىپ ئوقۇپ، رەئىيەگە (پۇقرالارغا) تەرىقەت، مەرىپەت، شەرىئەت بابىدا شېكەردەك سۆزلەرنى چېچىپ، ئاللاھتىن بەندىلەرگە «دىيانەت، ئىنساپ - تەۋپىق، ئىمان، شۈكرە - قانائەت تىلەپ ۋە ئۇلارنى ساھىب كامال قىلىپ، ياخشى ئىستىقبالغا باشلاپ...» تۇرغان. دەرۋەقە ئاپئاق خوجا «تەخت - سەلتەنەت» كە چىققاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بارلىق ھوقۇق، كۈچ - ئىمتىيازلىرىنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ

قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى سۇندۇرۇپ، كۈچ، مادارىدىن تولۇق كەتكۈزۈشكە ھەم ئۇلارنى تاجاۋۇزچىلارنىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى قارشىلىقسىز، شەرتسىز، تەخىرسىز، دائىم، تولۇق، ياۋاشلىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان «مۆمىن» مەھكۇملاردىن قىلىپ تۇتۇشقا ۋە بۇ خىل ھالەتنى ئەجدادلىرىمىز ئېيتقىنىغا «تەقدىر» ئۇقۇمى بىلەن سىڭدۈرۈش (پەقەت بويسۇنۇشقا «يارىتىلغان» لىقىغا تەن بەرگۈزۈشكە، قارشىلىق قىلالمايدىغان قىلىۋېتىش) كە سەرپ قىلغان. بۇ بىزگە تارىختا تۈنجى قېتىم تېگىشلىغان ئاپئاق خوجاچە «ئىستىقبال» دۇر. شۇنداقلا بۇ، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تارىختا تۈنجى قېتىم باسقان پۇشايمانلىق خاتا قەدەمدۇر. دېمەك، ئاپئاق خوجا زامانىنى ئەجدادلىرىمىز ئالدانغان، جاھالەت پاتقىقىغا پاتقان، شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى بۇزۇلغان لەنىتى جاھان دەپ قاراشقا تامامەن ھەقلىقمىز.ئاپئاق خوجا «تەخت»كە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ «ئىشقىيە» سۇلۇكىنى ئاساس قىلغان سوپىزمنى ئۆز «خانلىقى» نىڭ «دۆلەت» دىنىي ۋە «دۆلەت» تەلىماتى قىلىپ جاكالاپ، باش قانۇن سۈپىتىدە ئىجرا قىلغان، يۈرگۈزگەن. 300 مىڭدىن ئارتۇق مۇرىت قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ «سوپىلىق يولى» نى پۈتۈن شىنجاڭغا ھەتتا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىغا كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىشقا سەپەرۋەر قىلغان. قەشقەردە «خان خوجا ئوردىسى» يەكەندە «ئالتۇنلىرىم» (ئالتۇن مازىرى)، تۇرپاندا «ئەشابۇل كەئەب»، كۇچادا «مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىئۇللا»، ئاقسۇدىكى «قۇرمىش ئاتام» قاتارلىق مازارلارنى تاللاپ ياكى «مازار» قىلىپ تىكلەپ ھەم بۇ ئورۇنلارنى سوپىزمنى تارقىتىدىغان. كېڭەيتىدىغان مەركەزلەرگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، پۈتۈن شىنجاڭدا سوپىلىق ھەرىكىتىنى يەنى ئىسلام دىنىينىڭ «شىئە»،

«سۈننىي» مەزھەپلىرىگە ياكى بۇ مەزھەپلەرنىڭ ھەر قانداق تارماق، بۆلەكلىرىگە تۆپتىن ئوخشىمايدىغان، «ئۇلۇغ ئىسلام دىنىي» شوئارى ئېگىز كۆتۈرۈلگەن «تەرىقەت»، «شەرىئەت»، «مەرىپەت»، «ھەقىقەت» ماركىلىرىنىڭ ھەممىسىلا چاپلانغان، پەقەت چوڭ پىر، خوجا، ئىشانلارنىلا دىنىي مەركەز، دىنىي يېتەكچى قىلىۋالغان، ھەددىدىن زىيادە زۇلمەتلىك ئاپئاق خوجاچە سوپىزم ئىستىبداتلىقىنى جانلاندۇرۇۋەتكەن. رەتىجىدە پۈتۈن قەشقەرىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى قەۋەت ھالقىلىق ساپايە، كۆپ پۇتاق كۆزلۈك سوتا (خاسلا سوپى كالتىكى) كۆتۈرۈۋالغان، تىكىشى يوق يوغان يەنجە (قەلەندەر خالتىسى) يۈدۈۋالغان، بېشىغا ئۇزۇن كۇلا، ئۇچىسىغا يەكتى، ياقىسىز «سوپىچە كىيىم»لىرىنى كىيىشىۋالغان رەھىمسىز، ئەسەبىي، نادان، بەدقىلىق «تىلەمچى» ئەمەلىيەتتە بۇلاڭچى سوپىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جەمئىيەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ سوپى، مۇرىتلار ئەمەلىيەتتە ئاپئاق خوجىچىلار تەرىپىدىن ئاپئاق خوجىغا سادىق بولۇشقا، ئۇنىڭ «ئىشقىيە» يولىدا ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىشقا، ئۇنىڭ بۇيرۇق، تەلىم، چاقىرىقلىرىنى قەتئىي، شەرتسىز، قارىغۇلارچە ئورۇنلاشقا، خوجا ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈشكە. ھەر قانداق ئىشتىن يانماسلىققا، ئۆلۈمدىن قورقماسلىققا، سىر ساقلاشقا، «ئاللاھ ئاتا قىلغان» بارلىق «مەئىشەت» لەردىن قانغۇدەك پايدىلىنىپ تۇرۇشقا ئۆگىتىلگەن دىنىي چېرىكلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ سۆزلەيدىغان ۋە ئىجرا قىلىدىغىنى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرە، چەۋرىلىرىدىن بولغان ئاپئاق خوجا ھەزرىتى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئىلمىنىڭ ۋارىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي، سىياسىي داھىيسى، پۈتۈن ئەھلى ئىسلامنىڭ ئەڭ ئالىي يېتەكچى، ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرگەن، قارشى چىققانلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىمىز،

ئۆلتۈرىمىز ياكى ئۆلىمىز دېگەندەك ئەڭ ئەسەبىي شوئار ھەم پائالىيەتلەر ئىدى. «... پىرلەرنىڭ غەزىپىدىن - زۇلۇمىدىن، زامانىنىڭ خىيىم - خەتىرىدىن، كۈندۈزنىڭ قازاسىدىن، كېچىنىڭ بالاسىدىن، قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتتىن، زەخمەتلىك سوئال - سوراقتىن، بالا- قازادىن، دەردتىن - ئەلەمدىن، كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن، تىلى يامانىنىڭ تىلىدىن، دىلى يامانىنىڭ دىلىدىن، ئىبادەتسىز دۇئادىن، لەنىتى رەھمەتتىن، نەپسى يامان ئىشان پىشكەل سوپىدىن، خۇنخورنىڭ كۆلكىسىدىن، ئىنساپسىز خوجىدىن، ئاغرىقتىن - سىلاقتىن پاناھ بېرىڭ خۇدايىم .... ( )» دېگەن ئىلتىجالىق دۇئا - تىلەكلەر ئاپئاق خوجا زامانىسىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن كېچىرمىش نامەلىرىدۇر. بىز بۇ دۇئا - تىلەكلەر قۇرۇلمىسىدىن ئاپئاق خوجا جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى ھالىتىنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارتقان زۇلۇم، كۆرگەن دەرد - ئەلەملىرىنىڭ نەقەدەر ئېغىر بولغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز، ئەلۋەتتە.

دېمەك، ئاپئاق خوجا زامانى_ قەشقەرىيەى پۈتۈنلەي زۇلۇم، خۇراپات، نامراتلىق، ۋەھىمە، جەڭگى - جېدەل، خۇنخورلۇق، قاچ - قاچ راسا قاپلىغان ۋە قان پۇراپ تۇرغان زاماندۇر. چىداشقا «تەقدىر» پەتىۋاسى بىلەن ئەنە شۇنداق «كۆندۈرۈلگەن» ئۇيغۇر خەلقى تىرىكچىلىك، ئىنسانچىلىق قىزغىنلىقلىرىدىن بوشاپ، ئەۋھاپەرەسلىكنىڭ (دىنىي، روھىي ۋەھىمەنىڭ) دەردىدە چىرايلىرى توپا - تەرەت، ئۇستى - بېشى جۇلجۇل، جەندە، كۇلالىق سوپىلار، دەرۋىشلەر، شەيخلار، قەلەندەرلەر، ھەر شەكىلدىكى تەركىي دۇنيا ئىبادەتچىلەرنىڭ توپلىرىغا ئەگىشىپ، جانىنىمۇ، جاھانىنىمۇ ئۇنتۇپ، «ئۇ دۇنيالىقنىلا ئويلاپ» ئىمانى كامىللىقتا يەنى ئاتالمىش «ئاخىرەت» نىڭ غېمىنى

قىلىشقا بەند قىلىنغان. شۇڭا ئۇ جەمئىيەتتىن
سارنىسىزلىغان مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىز ياشاش، كۆن
ئېلىش ئۈمىدى بىلەن ئۆي - ماكان، پەرزەنت، ئاتا -
ئانىلىرىنى تاشلاپ قۇرۇق قول، غەيرىي يۇرت، چەت ئەللەرگە
قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ تۇرغان.ئاپئاق خوجا ۋە
ئاپئاق خوجىچىلار زامانىسىدا قەشقەرىيەدە مەدەنىيەت،
مائارىپ، ئىلىم- پەن، ئەدەبىيات-سەنئەت، مۇزىكا، ناخشا-
ئۇسسۇل، گۈزەل-سەنئەت، تىياتىر، سىرىكچىلىك،
تىبابەتچىلىك،مەتبەئەچىلىك، تەرجىمە، خەتتاتلىق.... تەك
بارلىق ئىلمىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى قەتئىي مەنئى
قىلىنىۋېتىلگەن. بۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار
«كاپىر»، «جادۇگەر»، «مۇرتەد» لەر ھېسابلىنىپ جازاغا
تارتىلىپ تۇرغان، ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. ھەتتا خەت يېزىشنى
ئۆگىنىش، ساز ئۆگىنىش، ياساش، مەشرەپ ئوينىاش،
ئويۇن - كۈلكە، خوتۇن - قىزلار پەرەنجىسىز، ئاشكارا يۈرۈش
قاتارلىق ئادەتتىكى ئىجتىمائىي ئىنسانچىلىق
خىسلەتلىرىمۇ قەتئىي مەنئى قىلىنىۋېتىلگەن. پۈتۈن
جەمئىيەتتە قۇرئان ۋە ھەپتىيەكتىن باشقا بارلىق يېزىلما
ئەسەرلەر، بولۇپمۇ مىللىي ئەسەرلەر، خاتىرە، نەمۇنىلار
كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، يوق قىلىپ تاشلانغان. ئىلىم - مەرىپەت
ئورۇنلىرى بۇزۇۋېتىلگەن، چەكلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئورنىغا زىكرى
- سۆھبەت خانىقالىرى، گۈلەخ، سازايى ھەمىدانىلار (توۋا
قىلدۇرۇش ئورۇنلىرى)، خوجا، ئىشانلار تۇرالغۇ جايلىرى،
ئەمەلدار بىنالىرى دەسسىتىلگەن. پۈتۈن جەمئىيەتتە دۇئا-
تىلاۋەت، خەتمە ئىستىقپار ئوقۇش (ئاللاھتىن «گۇناھ»نى
تىلەپ تۇرۇش) ئاممىۋى ئىجتىمائىي مەشغۇلاتقا
ئايلاندۇرۇلغان.
ئاپئاق خوجا 1694- يىلى 2- ئاينىڭ 10- كۈنى
ئۆزىنىڭ تاغىسى خوجا ئىشاقنىڭ كۈكۈن نەۋرىسى

(ئابدۇللا خوجىنىڭ ئوغلى) شۇ ئەيپ خوجىنىڭ قاتىلى
سۆپىتى بىلەن ئابدۇللا خوجا جەمەتلىرى تەرىپىدىن
يەكەندە مەخپىي زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈلگەن. چۈنكى ئاپئاق
خوجىمۇ ئۆز ۋاقتىدا «تەخت» كە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆزى
بىلەن بولغان كۆرەشتە يېڭىلىپ كەشمىرگە قېچىپ
كېتىۋالغان «قارا تاغلىق» «ئىشاقىيە»چىلەرنىڭ
يېتەكچىلىرىدىن بىرى _ تۆتىنچى ئەۋلاد تۇغقىنى
شۇئەيب خوجىنى كەشمىرگە خەت يېزىپ ئالداپ
ئەكەلدۈرۈپ تىزناپ بويىدا سوپىلىرىغا ئۇرۇپ
(ئۆلتۈرگۈزىۋەتكەن ئىدى. (ئىزچى

جاللات خېنىم






ئاپئاق خوجا 1694-يىلى 2-ئاينىڭ10-كۈنى
ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خوتۇن، بالا - چاقىلىرى
ئارىسىدا تەخت تالىشىش جېدىلى كۆتۈرۈلگەن. ئاپئاق
خوجىنىڭ كىچىك خوتۇنى مۆھتىرىم خېنىم ئۆزىنى «خانىم
پادىشاھ» ئېلان قىلىپ، ئوغلى خوجا مەھدىنى «تەخت»كە
ئولتۇرغۇزۇپ، «پادىشاھ ئىشان» لىق تونىنى كېيگۈزگەن.
بۇنىڭغا نارازى بولغان خوجا يەھيا (ئاپئاق خوجىنىڭ
مەكتىلىك چوڭ خوتۇنىدىن بولغان، مۇھتىرەم خېنىمنىڭ
ئۆگەي چوڭ ئوغلى) «تەخت» تالىشىپ ئوردىدا ئۇرۇش

قوزغىغان. نەتىجىدە «ھاكىمىيەت» نىڭ نۇقتىسى تۇتۇۋالغان «خانىم پادىشاھ» ئۆز ئەتراپىدىكى كۈچلىرى بىلەن خوجا يەھيانى ئىككى ئوغلى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرگۈزۋەتكەن. ئۇنىڭ تەرەپدارى قەشقەر ھاكىمى ئىمىن بەگ قاتارلىق بىر مۇنچە چوڭ ئەربابلارمۇ يەنىلا «خانىم پادىشاھ» تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنغان. «تارىخي نادىرىيە» دە خانىم پادىشاھ توغرىسىدا مۇنداق يېزىلغان:

«... خېنىم پادىشاھ ۋاقتىدا شۇنداق خۇنرىزلىق (خۇنخورلۇق - ئا) يولىدىكى ئىككى كىشى ئۇرۇشۇپ كىرسە، ھەر ئىككىسىنىلا ئۆلتۈرەر ئەردىلەر. ئۆزىنىڭ بىر سىڭلىسى بولۇپ خ خ خېنىم دەرئەردىلەر. بىسيار ساھىبجامال (بەك چىرايلىق - ئا)، تۇغمىغان ئەردى. ئۇنى ھەم رەشكتىن (كەچۈرگۈسىز گۇناھكار دەپ - ئا) قايناق ياغقا تاشلاپ ياغدا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردىلەر. ھەممە خەلق ئۇنىڭدىن ۋەھشە تىناك (ۋەھشىلىكتە سەسكىنىپ - ئا) بولۇپ، ئۇنى «جاللات خېنىم» دەپ ئاتىدىلەر( )...» جاللات خېنىم 1697- يىلىغىچە «خان» لىق قىلىپ، شۇ يىلى كۈزدە يەكەندە مەكتىلىك سوپىلار (ئاپئاق خوجىنىڭ چوڭ خوتۇنىنىڭ تۇغقانلىرى تەرىپىدىن خوجا يەھيانىڭ قىساسى .ئۈچۈن) تەرىپىدىن يوشۇرۇن پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈلگەن.

شۇ يىلى ئۈچتۇرپان تەرەپتىن مۇھەممەد ئىمىن خاننىڭ ئىنىسى جاللات خېنىمنىڭ ئاكىسى ئاقباش ئىشان (ئارسلانخان) يەكەنگە كېلىپ سىڭلىسىنىڭ «قىساسى» ئۈچۈن خۇددى «تارىخي نادىرىيە» دە: «... سوپىلارنىڭ چوڭلىرىدىن 1000 كىشىنى تۇتقۇزۇپ، بىرىنى بىرىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، قويدەك بوغۇزلاپ قېنىدا تۆگمەن چۆرۈتۈپ، ئۇن تارتىپ يېدىلەر...» دېيىلگىنىدەك چوڭ قىرغىنچىلىق پەيدا قىلغان. قەشقەر سوپىلىرى خوجا يەھيانىڭ ئۈچىنچى ئوغلى خوجا ئەھمەدنى قەشقەرگە

«خان» قىلىپ، جاللات خېنىم تەرىپىدىن قەشقەرگە قويۇلغان ھاكىم موللا شەۋقى خوجىنى ئۇرۇپ، ئۆلتۈرۈۋەتكەن. خوجا مەھدىمۇ مۇرىت، مۇخلىسلىرىنى يىغىپ «قارا تاغلىق» لارنىڭ يېتەكچىلىرىدىن خوجا مەخسۇد باشلىق بىر قانچىسىنى «چالما كېسەك» قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرى يەنىلا خوجا ئىشاقچىلار تەرىپىدىن سەپەر ئۈستىدە (زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. (ئىزچى

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان



سۇلتان ئابدۇرەشىدخان «يەكەن خانلىقى» («سەئىدىيە خانلىقى») دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان مەرىپەتپەرۋەر دۆلەت ئەربابى، تالانتلىق ھەربىي سەركەردە، شائىر ۋە مەشھۇر مۇقام

ئۇستازى ئابدۇرەشىدخان سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوغلى
بولۇپ، ھىجرىيە 915 - يىلى (مىلادى 1509 - 1510
يىللىرى) پەرغانىدە تۇغۇلۇپ، ھىجرىيە 971 - يىلى (مىلادى
1569 - 1570 - يىللىرى) يەكەندە ۋاپات بولغان ئۇنىڭ
جەسىتى يەكەندىكى خانلار قەبرىستانلىقى «يەكەن
خانلىقى» نىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد خانى بولۇپ، دادىسىنىڭ
ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشقا باشلايدۇ. ئابدۇرەشىدخان
بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن تارتىپلا ئىلىم - پەننىڭ
ھەر قايسى تۈرلىرى بويىچە ئەتراپلىق بىلىم ھاسىل قىلىپ،
ئۆز دەۋرىنىڭ خەلقپەرۋەر دۆلەت ئەربابى، مەشھۇر
سىياسىيون، شائىر، سازەندە ۋە ئۇستا خەتتات بولۇپ
يېتىشىدۇ. ئۇ دادىسى بىلەن بىللە كۆپ قېتىملىق ھەربىي
يۈرۈشلەرگە قاتنىشىپ، ھەربىي ئىلىمنىمۇ پۇختا
ئۆگىنىدۇ. ئۇ دادىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ، جۈملىدىن
ئەينى دەۋردىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ تەسىرى
نەتىجىسىدە كىچىكىدىن تارتىپ ئىلىم - پەننى
قەدىرلەيدىغان، ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان
خەلقپەرۋەر بىر كىشى بولۇپ يېتىلىدۇ. ئۇ دۆلەتنى
گۈللەندۈرۈش، قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئۈنۈملۈك
چارە - تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ
مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، خەلق ئارىسىدىكى
تالانت ئىگىلىرىنى، قابىلىيەتلىك ئالىم، ئەدىبلەرنى،
مۇزىكانت ۋە مۇقامشۇناسلارنى، ھۈنەرۋەنلەرنى ئۆز ئەتراپىغا
.توپلاپ، مەدەنىيەتنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشكە جەلپ قىلدى
موللا مىرسالىھ قەشقەرىنىڭ «چىڭگىزنامە» ناملىق
ئەسىرىدە: «ئابدۇرەشىدخان تىرەندازلىق (مەرگەنلىك) ۋە
چابوكسۇۋار (چەۋەنداز) لىقتا ئۇلۇغ خان (سۇلتان
سەئىدخاننى دىمەكچى . ئا) دىن ئېشىپ كەتتى.
ئابدۇرەشىدخان پادىشاھ زەدەئى دىلاۋەر ۋە مەردانە خۇش

مەنزەر ۋەنكوسە يىگىرمە ئۈچ يېشىدا تەختىخانىغە ئولتۇردى، شېئىر فارسى ۋە تۈركىنى خوپ ئېيتۇر ئىدىلەر، خۇش سەۋاد ئىدى. ھەر نەچچە بى ئىملا خەت بولسە، خوپ يادا ئالغاندەك ئوقۇر ئېردى،» دەپ بايان قىلغانىدى.

گۈللەنگەن سەئىدى دەۋرى مەدەنىيەتىنىڭ ئاساسىي ۋۇتۇقلىرى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئابدۇرەشىدخان دەۋرىدە ئاڭ پارلاق مەدەنىيەت دەۋرى ئېچىلىپ، ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقى، مۇقامچىلىقى دەۋر بۆلگۈچ ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىدۇ.

شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم تۆھپىسى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە بېيىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇ ئەينى دەۋردە ئۆزى باش بولۇپ خانلىق ئوردىسى يېنىدا مۇزىكا مۇئەسسەسى (ئورگىنى)، قۇرۇپ، ئۇنىڭغا مەشھۇر مۇقام ئۇستازى، شائىر قىدىرخان بىلەن خوتۇنى مەلىكە ئامانىنىسانى باش يېتەكچى قىلىپ بەلگىلەيدۇ. بۇ مۇزىكا مەكتىپى ئەتراپىغا خانلىق تەۋەسىدىكى ئاتاقلىق مۇزىكىچىلار.. مۇقامچىلار جەم بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە ئىراق، ئىران، تەبرىز، خارەزىم، سەمەرقەند، ئەنجان، ئىستامبۇل، كەشمىر، بەلخ، شىراز قاتارلىق يىراق شەھەرلەردىن مۇزىكا ئۆگىنىشكە كەلگەن كۆپلىگەن شاگىرتلار جەم بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى - ئون ئىككى مۇقامنى توپلاش، ئۆگىنىش، رەتلەش دولقۇنى ئەۋج ئېلىپ، ئون ئىككى مۇقامنى ئىلمىي ۋە سىستېمىلىق ھالدا يۈرۈشلەشتۈرۈش ئىشى روياپقا چىقىدۇ، بۇنى مۇقام تارىخىدىكى ئىككىنچى چوڭ گۈللىنىش باسقۇچى دېيىشكە

بولدۇ.

دېمەك، ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى ئەۋج ئېلىپ، يېڭىلىق تەرەپدارلىرى مۇئەتەسسىپ روھانىيلار ۋە سوپى - ئىشانلارنىڭ سۈيقەست ۋە زىيانكەشلىكلىرىگە ئارقا - ئارقىدىن ئۇچراۋاتقان بىر تارىخىي شارائىتتا، ئابدۇرەشىدخان مىسلىسىز جۈرئەت ۋە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، «ئون ئىككى مۇقام» نى رەتلەشكە يېتەكچىلىك قىلىپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇردى. شۇڭا بۇ تارىخىي تۆھپە قىدىرخان ۋە مەلىكە ئامانىسا بىلەن بىللە سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغىمۇ مەنسۇپ، ئەلۋەتتە.

موللا موسا سايرامىنىڭ «تارىخى ئەمىنىيە» ناملىق ئەسىردە ئېيتىلىشىچە: «ئابدۇرەشىدخان موللا، فازىل (شائىر) بولۇپ، فارس ۋە تۈركىي نەزمىنى ياخشى ئېيتۇر ئىدى. ئىلمىي مۇسىقىدا گوياكى فىساغوروس سانى (ئىككىنچى فىساغوروس ) ئىدىلەر.» «تارىخى رەشىدى» (زەيلى) دە ھەم سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ سۈپەتلىرىنى تەرىپلەپ: «ئۇ مۇزىكا ئىلمىنى پۇختا بىلەتتى، بەلكى مۇزىكا ئىلمىنىڭ مۇسەننىيسى ئىدى، ئۇ چاھارتار (تۆت تار)، دۇتار، قالۇن، تەمبۇر، راۋاب، ئۇد، غىجەكلەرنى ياخشى چالاتتى. ئابدۇرەشىدخان ساز چالغاندا ھەر قانداق بى مازاق (رەۋقى قىلاتتى. ئابدۇرەشىدخان خۇش نەۋىس (خەتتات) ئىدى، پارسى ۋە تۈركى تىللار شېئىرلىرىنى ئىجاد قىلىشقا كامىل شائىر ئىدى» دەپ بايان قىلغان، موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزى «تەۋارىخي مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىردە مۇقامشۇناس مەلىكە ئامانىسانى تەرىپلەپ، ئۇنىڭ «ئىشرەت ئەنگىز» ناملىق بىر مۇقام ئىجاد قىلغانلىقىنى ھەمدە بۇ مۇقام ئەينى دەۋردە ئابدۇرەشىدخان نامىغا باغلىنىپ ئەل ئىچىگە يېيىلغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ، مەيلى قانداق بولمىسۇن، بۇ بايان بىزگە «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنىڭ ئىجاد قىلىنىپ

تارقىلىشىدا سۇلتان ئابدۇرەشىدخانىنىڭ بىر ئۈلۈش
.ئەمگىكى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ
سۇلتان ئابدۇرەشىدخان «رەشىدى» دېگەن نام بىلەن
تۈركىي ۋە پارس تىلىدا مۇھەببەت، ۋاپا، ئۈمىدۋارلىق،
ساداقەت تۇرغۇلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كۆپلىگەن لىرىك
شېئىرلارنى يارانقان، ئۇنىڭ «دىۋان رەشىدى»، «غەزەلىياتى
رەشىدى» «سىلاتىننامە» قاتارلىق دىۋانلىرى بولغان،
.ئەپسۇسكى ئۇلار دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن
قىسقىسى، ئابدۇرەشىدخان ئىنساب - ئادالەتنى،
خەلقپەرۋەرلىكىنى، ئىلىم - مەرىپەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن
قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ زامانىدا ئەدلۇ - ئادالەت، ئەخلاق -
پەزىلەت، مەرىپەت ۋە سەنئەت ئۆز زامانىسىغا لايىق ھالدا
نۇر چېچىپ، سەنئىدىيە ئاسمىنىدا پارلىغانىدى، بولۇپمۇ
ئۇيغۇر ئۇن ئىككى مۇقامى تېخىمۇ نۇرلانغانىدى. (مۇقام
(پېشۋالىرى
.چىڭگىزنامە» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 105-بەت»
مۆجىزىنىڭ«تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» ناملىق
ئەسىرىنىڭ58-بېتىگە قاراڭ،مىللەتلەر نەشرىياتى،1982-
.يىل نەشرى
تارىخىي رەشىدى»(زەيلى) ماي باسما نۇسخا.74-بەت»

مۇھەممەد سادىق
كاشغەرى

سادىقى(1849-1725/6) يېقىنقى زامان شىنجاڭ
تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئالىم، ئەدىب، تارىخشۇناس، دىنىي
ۋە ئىجتىمائىي ئەرباب، سادىقى كاشغەردە موللا شاھ ئەلا
ئاخۇن ئىسىملىك بىر دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

ئۇنىڭ ئىسمى موللا مۇھەممەد سادىق كاشغەرى ياكى موللا مۇھەممەد سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم بولۇپ، ئادەتتە مۇھەممەد سادىق ياكى مۇھەممەد سادىق كاشغەرى دەپمۇ قوللىنىلىدۇ. ئەدىب شېئىرلىرىدا « سادىق، سادىقى، سادىقا» دېگەن ئىسمىنى ئەدەبىي تەخەللۇس سۈپىتىدە قوللانغان.

سادىقى باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئائىلىسىدە ئاتىسىدىن ئالغاندىن كېيىن كاشغەردىكى «مەدرىسەئى ھامىدىيە» ناملىق ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، تۆرلۈك ئىلىملەر بويىچە يۇقىرى مەلۇمات ئالىدۇ. ئوقۇشنى تاماملاپ، كاشغەر خانلىق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىكىگە تەيىنلىنىپ، بىر مەزگىل ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. كۆپ ئۆتمەي، كاشغەر شەرئى مەھكىمىسىنىڭ باش قازىلىقىغا تەيىنلىنىپ، شەرىئەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. مانا بۇ مەزگىل ئالىمنىڭ شان-شۆھرىتىنى يالغۇز كاشغەرغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا دېگۈدەك يېيىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرىئەت ئەقىدىسى بويىچە چىقارغان ھۆكۈملىرىنى رەت قىلىشقا كىشىلەر جۈرئەت قىلالمىغان. جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە مۇرەككەپ،چىگىش، ھەل قىلىش تەس دەپ قارالغان مەسىلىلەر سادىقىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا سۇنۇلغان. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ«موللا مۇھەممەد سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم» دېگەن مۇھرى ئالتە شەھەر بويىچە ئاساسەن ئېتىراپ قىلىنغان.

ئالىمنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىر تۆھپىسى شۇكى، ئۇ ئەجدادلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، چەكسىز پەخىرلىنىپ تۇرغان.

ئۇ قىممەت باھالىق «مەسنەۋى شېرىف» ناملىق كىتابىغا ئالتۇندەك «ھەدىيەنامە» يېزىپ، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ كاشغەر ئوپال يېزىسىدىكى قەبرىسىگە

مۇتلەق ۋەخپە قىلغانلىقى بۇنىڭ جانلىق
پاكىتى. «مەسنەۋى شېرىف» كىتابىنىڭ مۇقاۋىسىغا
ھىجرىيە 1252-يىلى(مىلادى 1836-1837-
يىللار) «قەلەم ئىگىسى بولغان مەھمۇد كاشغەرىنىڭ
مۇبارەك قەسىدىسى» گە تەقدىم، دېگەن ھۆججەتتى ئۇلۇغ
ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇرتى ۋە قەبرىسىنى
بېكىتىشتە مۇھىم ھۆججەت بولۇپ قالدى. «مەسنەۋى
شېرىف»كە يېزىلغان «ھەدىيەنامە»دىكى مەلۇماتلارغا
قارىغاندا، سادىقى ئۆز ئەتراپىغا نىزارى، غەرىبى، زىيائى،
زەيدىن قۇرۇلبېگى قاتارلىق ئۆلىمالار، بىلىم ئەھلىلىرىنى
توپلىغان. بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى
ئۆستۈرۈشكە بىرلىكتە كۈچ چىقارغان. 1849-يىلى
كاشغەردە بولغان بىر قېتىملىق سىياسىي توپىلاڭدا ئالىم
قەتلى قىلىنغان. ئۇنىڭ جەسىتى ئاق مازار(يۈسۈپ خاس
.ھاجىپ مازىرى ئالدىدىكى قەبرىستانلىقتا)غا دەپنە قىلىنغان
ئالىمنىڭ ئەسەرلىرىدىن:
شىنجاڭ تارىخىنى بىر قەدەر تېپىكرەك گەۋدىلەندۈرۈپ
بېرىدىغان «تەزكىران ئەزىزان» جەمئىيەتنى تۈزەشكە
بېغىشلىنىپ،شەرىئەت قائىدىلىرىنى مىللىي ئادەت ۋە
تەلەپلەر بىلەن جىپسىلاشتۇرۇش تەشەببۇس
قىلىنغان ئەسىرى«زۇبەدتۇل مەسائىل ۋەل ئەقائىدە»
(مەسىلىلەر جەۋھىرى) تۆرپاندىكى مەشھۇر ئەسھابۇل
كەھب ھەققىدە قىزىقارلىق ھىكايە سۆزلەنگەن ئەسەر
» «تەزكىرەئى ئەسھابۇل كەھب
كىشىلەرنى ئەدەپ-ئەخلاق، ئىلىم-ھۈنەرگە ئۈندەيدىغان
تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور بولغان ئەسەرلىرىدىن
» «ئادابۇسسالىھىن» (ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەب-
ئەخلاقلىرى)، رىسالەئى كەسپدار» (كاسىپلار رىسالىسى)
1846-يىلى «تارىخىي ئەبەرى»نى ئۆرنەك قىلىش

ئاساسىدا يازغان چوڭ تىپتىكى ئەسىرى «تارىخي
«ئىسكەندىرىيە ۋە تاجنامەئى شاھى
ئىسلام ئەقىدىلىرى ۋە ئەدەپ-ئەخلاققا دائىر كىتاپلاردىن
«ئىسلام ئاساسى»، «كەشپۇل قۇلۇب» قاتارلىقلارنى
.يازغان
ئالىم يەنە باشقا خەلقلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە
قىلىپ،مىللەتنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يەنىمۇ
ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە ئەرەب تارىخچىسى ئەبۇ جافار
مۇھەممەد بىن جەزىر ئەل تەبەرى (838-923)نىڭ
«تارىخي تەبەرى» دېگەن ئەسىرىنى ئىجادىي تەرجىمە
قىلىپ ئىشلەپ(؟ 1800-يىل) چىققان. بۇ «تەرجىمە
تارىخي تەبەرى» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدا دۇنيا بىنا بولغاندىن
تارتىپ مىلادى 915-يىلىغىچە بولغان ۋەقەلەر بايان
قىلىنغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەسىرلەردىكى تارىخي
.ئەھۋالىمۇ سۆزلىنىدۇ
سادىقى بۇنىڭدىن باشقا 1749-1750-يىللىرى پارس
تىلىدىن «تارىخي رەشىدى»نى تەرجىمە قىلغان، بۇ
«تەرجىمەئى تارىخي رەشىدى» دەپ ئاتالغان. ئەرەب
تىلىدىن«قۇرئان»نى تەرجىمە قىلغان، ھەم «قۇرئان
تەفسىرى»نى تاماملىغان. ئەجدادلىرى ئارىسىدىن
يېتىشىپ چىققان ئۇلۇغ ئەدىبلەرنىڭ ئەمگەكلىرىنى
ساقلاش، ئۆگىنىش مەقسىتىدە تالىپ چاغلىرىدا، يەنى
1735-1736-يىللىرى نەۋائىنىڭ «مەجالىسۇننەفائىس»
ناملىق ئەسىرىنى كۆركەم خۇشخەت بىلەن كۆچۈرۈپ
(چىققان. (ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى

ئەھمەدشاھ




ئەھمەدشاھ (1828-1740/50)ئىسىملىك بۇ شائىرنىڭ
تەخەللۇسى «قاراقاشى» بولۇپ، خوتەن ۋىلايىتى قاراقاش
ناھىيىسىدىكى قاپاقلا يېزىسى هالايلى(هويلا
ئالدى)مەھەللىسىدە بىر دىنىي ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ،شۇ
يەردە ۋاپات بولغان . ئەھمەد شاھنىڭ دادىسى مۇبارەكشاھ
قاپاقلا يېزىسىدىكى مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى بولغان .
ئەينى ۋاقىتلاردا مۇبارەك شاھ قاتارلىقلار تەرىپىدىن
دەرسلىك سۈپىتىدە ئوقۇتۇلۇۋاتقان نەۋائى ،سوپى ئاللايار
قاتارلىقلارنىڭ غەزەللىرى ئەھمەد شاھقا كىچىكىدىن تەسىر
قىلىپ تۇرغان . ئەھمەد شاھ 1767-يىللىرى كاشغەر خانلىق
مەدرىسكە كېلىپ ، ئۇ يەردە بىر مەزگىل ئالىي مەدرىس

تەلىمىنى قوبۇل قىلىدۇ. بولغۇسى شائىر ئەنە شۇ چاغلاردىن باشلاپلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزىققان . ئۇ كاشغەردىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، كەلگىنىدىن كېيىن قاراقاشتىكى چوڭ مەدرىسە «گۆزەر» مەدرىسىگە مۇدەررىس قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. ئەھمەد شاھ كاشغەردە نەزەر دېگەن بىر ئاقسۇلۇق تالىپ بىلەن ساۋاقداش بولۇپ ئوقۇغان ئىكەن . ئوقۇش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ ئاقسۇدا مۇفتى بولغان . بۇ خەۋەردىن ۋاقىپ بولغان ئەھمەد شاھ دوستىغا نامى مەشھۇر ئاقسۇ ئېتىدىن بىرنى ئېلىپ ئەۋەتىش توغرۇلۇق ئالاھىدە خەت يېزىپ ، يېتەرلىك پۇل ئەۋەتىدۇ . ئات ئەھمەد شاھنىڭ كۈتكىنىدەك بولماي قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شائىر قاتتىق رەنجىپ كۈچلۈك ھەجۋى تۈسكە ئىگە «نەزەر مۇفتىغا خەت»نى يېزىپ چىقىدۇ.

بۇ سالام خەت خەلق ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن ھەر خىل نام ھەجىم ۋە شەكىلدە كەڭ تارقىلىدۇ.

ئاتنامە»دە ئاتنىڭ ئوبرازى يۈكسەك دەرىجىدە » تىپىكلەشتۈرۈلگەن . شائىر چاكىنا ۋە خۇمسى دوستىنىڭ ۋاستىسى بىلەن سېتىۋالغان ئاتنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

بايان ئەيلەي يەنە بىر-بىر بۇ ئاتنىڭ ئەيىبىنى، ئاڭقا،
قىڭىر قۇيرۇق، سىڭا سۆڭگەچ، پۇتى مايماق،بويى لاڭقا،
بىرى تەپكەك، بىر مۆڭگەك، بۇ ئەيىبلەر ئۈستىگە ماڭقا،
ساماندىن بەش كۆشۈك يەپ، ھەرقەدەمدە بىر تۈرۈپ ساڭقا،
توغۇلماس ھېچ ۋىلايەت ئىچرە بىر ئات ئۇ قىيافەتتە.

مىنىپ چىقسام ئالىپ ئۇردى، يىقىلدىم، نەچچە كۈن ياتتىم.

قويۇپ بەرسەم، بۇزۇپ باغنى، ھەمىشە ئەلنى قاقشاتتىم ،
سوغارغىندا قاچىپ سۆرەپ، ئاران ھارغاندا توختاتتىم ،
تىگىشتىم ئۇي بىلە بەش- ئالتە نەۋبەت، ئۇن قاتىم ساتتىم
،
.قىلىپ دەۋا كېلۋەدى ، ماڭا ياندى شەرىئەتتە

ئەگەر يولغا مىنىپ چىقسام،تۇزۇك يۈگرەپ چاپالمايدۇ ،
ۋەيا ئۇي توختاپ ئالغاندا ئۇرۇپ قويسا چىچاڭلايدۇ ،
مىنىپ تۇرغان كىشى شۇئان بېرىپ يەرنى قۇچاقلايدۇ،
.خەتەرلىكتىن بۆلەك خىسلەت تېپىلماس بۇ كەسەفەتتە

ئۇرۇپ مىڭ تەست چاپتۇرسام، سوكۇلدايدۇ ئېشەك
ئوخشاش ،
قورساق سانجىق بىلەن ئاغرىپ، كېتەر گويا زىڭىلداپ باش،
يەنە بىر ئەيىبى شولدۇر چىرقىراپ سەت ، يولدا
تاپتوختاش،
زىيرىكمەي مىنسە ، بىر سائەت بىرەلمەس ھىچ كىشى
بەرداش،
. شەھەر-يېزا ئارا قىلغان سەفەر ،سەيلى-ساياھەتتە

يالغۇز بۇلا ئەمەس ، شائىر يەنە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ،
ئاتنىڭ كۆرۈنۈشى ، خۇيى،خاراكتىرى ۋە ھالىتىنى تولىمۇ
ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىپ ، ئوقۇرمەنلىڭ
كۆز ئالدىدا تەبىئەت دۇنياسىدىن يەنە بىر ئوخشىتىشنى
. تاپقىلى بولمايدۇ «لەقۋا ئات» ئوبرازىنى سىزىپ چىقىدۇ
مانا بۇ نەزەر مۇفتىنىڭ ئاغنىسى ئەۋەتكەن ئەڭ ياخشى
ئات كېلىدىغان 50 تەڭگىنى خەجلۋېلىپ ،ئارقا-ئارقىدىن
سۆيلەپ خەت يازغاندىن كېيىن ئىلاجىسىز ئەھۋالدا قالغان
نەزەر مۇفتىنىڭ بىر يىلدىن كېيىن ئەۋەتكەن «ئارغىماق»

. ئېتىنىڭ ئەينى كۆرۈنۈشى
داستاندا شائىر غەزەپلىك ھېسسىياتى بىلەن «لەقۋا
ئات»نى پاش قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ ئاتنىڭ ۋاستىسى
بىلەن ۋاپاسىز، خىيانەتكار ،قىزىل كۆز نەزەر مۇفتىنى ۋە
ئۇنىڭ ماھايىتىنى قاتتىق پاش قىلغان . ئەھمەد شاھ
ئىشىنىدىغان ۋە ھۆرمەت قىلىدىغان دوستى توغۇرلۇق
مۇنداق يازغان:

دۇئايى بىئەدەد، خاجە، نەزەر مۇفتىمغە ئەلبەتتە،
تەھىيياتۇ سەلامىم ئانچۇنان ئاھۇ نەدامەتتا،
ۋىسال ئۇلغاي دۇئا بىرلەن سەلامىم ياخشى سائەتتە،
سېنى ياد ئەيلەگۈم ھەركۈن سەھەرلەردە ئىبادەتتە،
.كى سەندىن ئۆزگە دوستۇم يوق ئىدى ئاقسۇ ۋىلايەتتە

ساڭا نامە يازدىم، نا مۇناسىپ لەفزدىن ، ئەي يار،
بىھەمدۇللا، تىرىكلىكتىن نىشانە ئەيلەدىم ئىزھار،
بىلىشنى ئىستەسەڭ، مۇندا شۈكۈركىم، بىز ئەمەس بىمار،
تېنىڭ ساقمۇ بۇ كۈنلەردە سېنىڭ، ئاندا نەھالىڭ بار،
.مۇشەققەتلىكمۇ سىرەن، يا ئۆتتىمۇ ئۆمرۈڭ فەراغەتتە

قارىيلىق ھالىدىن سورىسام، يېتىشتى نەچچىگە ياشىڭ،
سېنىڭ ھالا بۇ كۈنلەردە ئاقارمىشمۇ قارا باشىڭ،
ئايال، ئۇشاقلىرىڭ ساقمۇ، يەنە قەۋمۇ-قېرىنداشىڭ،
نېچۈكدۇر ئىشتىھايىڭ ھەم، سىڭەمدۇر ئابىيۇ ئاشىڭ،
مىزاجىڭ خوب، چىرايىڭ تازەمۇ ھۆسنۇ مالاھەتتە؟

ئىشتكىل، ئەي رەفقا، سۆزنى ئەھمەدشاھ قاراقاشتىن،
بايان ئەيلەيكى ھالىمنى ساڭا ئەمدى يېڭىۋاشتىن،
ئەقىدەم بار ئىدى شۇنچە يەقىن تۇغقان قېرىنداشتىن،

سېنىڭ كۆڭلۈڭ ماڭا قاتتىق ئىكەن گويا قارا تاشتىن،
.كۆرۈپمەن، بىلگەنىم يوق مەن ئۇنى ئەيرى زەرۇرەتتە

سېنى مەن دوستۇ يارىم دەپ ، كۆڭلۈمدە ئېتىقاد ئەتكەچ،
مۇھەببەت رىشتەسىدىن ھەر زەمان كۆڭلۈمنى شاد
ئەتكەچ،
سىفاتىڭنى قىلىپ دائىم خوتەن ئەھلىغە ، ياد ئەتكەچ،
ئىبەردىم ساڭا ئاتمىش تەڭگەنى، كۆپ ئىتىماد ئەتكەچ،
.ئىبەرگەيمۇ دەبان بىر ياخشى ئات، ئۆتتۈم خىيالەتتە

پۇلۇمنى توختاتىپ بىر يىل، ئىبەرىبسەن ماڭا بىر ئات،
ئېشەكچە يوقتۇر رەفتارى، بۇ ئاتنىڭ ھەرنە فىئىلى يات،
كى يولدا توختىۋالدى قامچە بىرلەن ئۇرماسام پات-پات،
كۇلا، ئارغامچەنى ئۈزدى، قوزۇققا باغلاسام قات-قات،
.ئۇلاپ ئارغامچەنى ھاردىم ، كۈنى قالدىم ھالاكەتتە
(ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى)
:چۈشەندۈرۈش
(«نەزەر مۇفتىغا خەت »نىڭ ھەجمى زادى قانچىلىك ، بۇ
ئېنىق ئەمەس ،1948-يىلى غۇلجىدا چىققان «ئىتتىپاق»
ژۇرنىلىدا 13 كۇپلىت؛ 1960-يىلى مىسىرنىڭ قاھىرە
شەھرىدە بېسىلغان «تۈركىستان ئەدەبىياتى»دا 15 لۇپلىت
، «كوئىنلۇن ئەدەبىياتى» دا 23 كۇپلىت ، «قەشقەر
ئەدەبىياتى» دا 29 كۇپلىت ، «بۇلاق» ژۇرنالىدا 25 كۇپلىت
(. ،«بۇلاق» ژۇرنىلىدا 32 كۇپلېت ھەجىمدە ئېلان قىلىنىدى
[ بۇ يازما تەرىپىدىن دە قايىتا تەھرىرلەنگەن ]

ئىنكاس •
نەقىل •

يوللانغان ۋاقتى: 42كۈن بۇرۇن قەۋەت-10

چوڭ | ئاپتورنىڭكىنى كۆرۈش

چوڭ نورمال كىچىك :كىچىكلىگى

تۇردى ھاجى




يىلى 6-ئاينىڭ خاسىيەتلىك بىر جۈمە -1863 كۈنىدە لوپ ناھىيىسىگە قاراشلىق تەۋەككۇل يېزىسىدا ئەخمەت ئاخۇنۇم ئائىلىسىدە بىر بوۋاق دۇنياغا كۆز ئاچتى. ئۇ_ ئەخمەت ئاخۇنۇمنىڭ ئەللىك ياشلارغا كىرىپ قالغان ۋاقىتلىرىدا كۆرگەن

**uyghurqizi**




دەرىجىسى:
شەرەپلىك ئەزا

•

ئاپتورنىڭ ماترىيالى

قىسقا ئۇچۇر •
يوللاش
دوستلۇققا •
قوشۇش

UIDنومۇرى: 1785
2 :جەۋھەر يازمىسى
يوللىغان
117 :يازمىسى
نومۇر 324 :شۆھرىتى
سوم 1150 :پۇلى
نومۇر 0 :تۆھپىسى
توردىكى ۋاقتى:

پەرزەنتى تۇردى ھاجى ئىدى.ئەخمەت ئاخۇنۇم ئۆز
زامانىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن تېۋىپلاردىن بولۇپ ،
ئوغلى تۇردىنى تېۋىپ قىلىپ يېتىشتۈرۈش
نىيىتىدە دىنىي ئالىم ، تېۋىپ توختى ئاخۇن ھاجىغا
شاگىرت قىلىپ ئاپىرىپ بەرگەن .ئەخمەت ئاخۇنۇم
ئوغلى تۇردى توققۇز ياشلارغا كىرگەندە قازا قىلغان.
تۇردى ئاخۇن ئۇستازى يېنىدا 1894-يىلىغىچە
تۇرۇپ ، تىبابەتچىلىك ئىلمىنى تىرىشىپ ياخشى
ئۆگەنگەن . تۇردى ھاجى 40 ياشلارغا كىرگەندە
ئۇستازى ھەج قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئېلىپ سەئۇدى
ئەرەبىستانغا قاراپ ماڭغان . ئۇلار ھەج سەپىرىدە
نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرگە دۇچ كەلگەن
بولسىمۇ،تۇردى ئاخۇننىڭ كۈچتۈڭگۈرلىكى ۋە
ئەقىل-پاراسىتى بىلەن ھەر بىر خەتەرنىڭ ئالدى
ئېلىنغان. ئۇستازى توختى ئاخۇن سەپەردە بىتاپ
بولۇپ قالغاندا ، تۇردى ئاخۇن ھاردىم-تالدىم دېمەي
ئۇنى 17 كۈن ھاپاش قىلىپ مېڭىپ، ئۇستازىنى
كاراچىدا بىر مەزگىل ئارام ئالدۇرۇپ، ۋاپادارلىق
كۆرسىتىپ،ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالغان .
شۇنداقلا شۇ جايدىكى ھىندىستان پۇقرالىرىنىڭ
كېسەللىنى كۆرۈپ،ئۇلارنى تاك قالدۇرغان،ئۇلارنىڭ
كۈچلۈك تەلەپ قىلىشى بىلەن ،ھىندىستاندا بىر
.مەزگىل تۇرۇپ،تىۋىپلىق قىلغان
1900- يىلىنىڭ باشلىرىدا لوپ ناھىيىسىنىڭ
سامپۇل يېزىسىدىكى بەگ ، ئۆلىمالار تەۋەككۈلغا
كېلىپ ، توختاخۇن تېۋىپتىن تۇردى ھاجىنى سوراپ
، سامپۇلغا ئېلىپ چىقىپ ئۆي-ماكانلىق قىلىپ
سامپۇلدا تۇرغۇزغان . شۇنىڭ بىلەن تۇردى ھاجى
1956-يىلىغا قەدەر سامپۇل يېزىسىدا ئۆز ئالدىغا

(69)سائەت
تىزىملاتقان
ۋاقتى: 2008-04-12
ئاخىرقى كىرگەن
ۋاقتى: 2009-03-11

تىبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن
شۇغۇللانغان .ئۇستازى توختاخۇن تىۋىپ 1915-
.يىل ئەتراپلىرىدا قازا قىلغان
يىلى لوپ ناھىيىسىدە ئۇيغۇر 1956-
تىبابەتچىلىك بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى
قۇرۇلغاندىن كېيىن،ئۆزىنىڭ دورا - دەرمەكلىرىنى
پاي سېلىپ ئامبۇلاتورىيىگە كىرىپ ئىشلىگەن .
ئامبۇلاتورىيە تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن 1975-
يىلىغىچە سامپۇل يېزىلىق شىپاخانىنىڭ ئۇيغۇر
تىبابەت بۆلۈمىدە ئىشلىگەن . 1975-يىلى خوتەن
ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىغا
يۆتكەپ كېلىنىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ
دوختۇرخانىدا ئىشلىگەن.تۇردى ھاجىنىڭ
كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويۇش سەۋىيىسى
يۇقىرى بولۇپ ، قويغان دىئاگنوز ھازىرقى زامان
تەكشۈرۈش سايمانلىرىنىڭ نەتىجىسى بىلەن
ئۇدۇل چىقاتتى . ئۇ تومۇر تۇتۇشتا بىمار تومۇرىنىڭ
نورمال ھالەتكە كېلىشىنى تۇراقلاشتۇرۇپ ،
دىلىدىكى ۋەھىمىسىنى كۆتۈرىۋېتىپ ، ئۇنى
غەمدىن خالاس قىلغاندىن كېيىن ، ئاندىن تومۇر
ھەرىكىتىنى تەكشۈرەتتى . ئۇ ئۇستازىدىن مىراس
بولۇپ قالغان «تەرياق» دېگەن دورىنى كۆپ
ياسايتتى ھەم ئۇنى يېنىدىن ئايرىمايتتى . ئۇ «بۇ
دورا 90 نەچچە خىل كېسەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ
»دەيتتى . بۇ دورىنىڭ ھەرخىل يەللەرنى
ھەيدەش خۇسۇسىيىتى بولۇپ ، شىپالىق ئۈنۈمى
ھەقىقەتەنمۇ راھايىتى يۇقىرى ئىدى . تۇردى ھاجى
ئاساسەن يۈرەك مېڭە-قان تومۇر كېسەللىكلىرى ،
رىماتىزىم ، مۇپاسىل ، نۇقرەس قاتارلىق

كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا مول تەجرىبىلەرگە ئىگە ئىدى . كېسەل داۋالاشتا چاينى ئاساسي ئورۇندا قوياتتى . ئاددى رېتسېپلار ئارقىلىق كېسەل داۋالايتتى .

1984- يىلى تۇردى ھاجىنىڭ ئىزنى بېسىپ كېلىۋاتقان ئوغلى ئابدۇغوپۇر ھاجىم 120 ياشتىن ھالقىغان مۇبارەك دادىسى تۇردى ھاجىمنى ئېلىپ مەككە مەدىنەمگە قاراپ يول ئالدى.ئۇلار ھەج تاۋاپ پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەككىدە نەشىر قىلىنغان نوپۇزلۇق گېزىتتە تۇردى ھاجىمنىڭ 120 ياشتىن ھالقىغاندىمۇ گۆش-گۆش دەسسەپ ماڭىدىغانلىقى،شۇنچە دىمىق بولغان مۇھىتتىمۇ دىمىنىڭ سىقىلمىغانلىقى مۆجىزە ھېساۋىدا تونۇشتۇرۇلدى......سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھىنى چوڭقۇر ھەسرەتتە قالدۇردى.چۈنكى پادىشاھ ئالىيلىرى گېزىتتىن تۇردى ھاجىم توغرىسىدىكى ئاجايىپ خەۋەرنى كۆرۈپ،بۇ مۆھتىرەم ئۆمۈر چولپىنىنى ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىپ ئىسسىق قوللىرىنى سىقالمىغانلىقىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلغانىدى.كېيىنكى كۈنلەردە ئوردا مۆتىۋەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۇردى ھاجىمنىڭ ھەج تاۋاپقا كەلگەنلىكىنى پادىشاھ ئالىيلىرىغا ۋاقتىدا خەۋەر قىلىشمىغانلىقى ئۈچۈن پادىشاھدىن تەنبىھ ئاڭلىغانلىقلىرىنى خوتەندىن ھەج تاۋاپقا بارغانلارغا .دەپ بېرىشتى

تۇردى ھاجى ئۆزىنىڭ 100 يىلدىن كۆپرەك ئۆمرىنى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىشلىرىغا بېغىشلاپ ،ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان . ئۇ ئۆزىنىڭ

تىبابەتچىلىك ئىلمى ئەمەلىيىتى جەريانىدا
ياراتقان مول تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ، ئۇن نەچچە
يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ «ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ
قوللىنىلىدىغان مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى »دېگەن
كىتابنى يېزىپ قالدۇرغان.
نام شەرپى،ياخشى ئەمەللىرى سەئۇدى
ئەرەبىستان پادىشاھىدىن خلۇەت ماكان تەۋەككۇل
بوستانلىقىدىكى ئاددى كىشىلەرگىچە ئۇلۇغلىنىپ
كەلگەن بۇ مەشھۇر ھەكىم بىر ئەسىردىن ئارتۇق
ئۆمۈر كۆرۈپ1987-يىلى 124يېشىدا بۇ دۇنيا
بىلەن خوشلاشتى. (مەتسېلىم مەتقاسىمنىڭ
(«»تۇردى ھاجى
[ بۇ يازما تەرپىدىن دە قايتا تەھرىرلەنگەن ]

چوققا
ئىنكاس •
نەقىل •
يوللانغان ۋاقتى: 42كۈن بۇرۇن قەۋەت-11
چوڭ | ئاپتورنىڭكىنى كۆرۈش
چوڭ نورمال كىچىك :كىچىكلىگى

ۋاھ...! كوپ رەھمەت سىللەرگە! نىمدىگەن مول
ماتىريال !!
ھەراس ؟ ئاۋۇ سۇلتان سەئىد خان رەسمى ئەمەس
بەلكى ياقۇپ بەگ رەسمىدەك قىلىدىغۇ؟

**barquktekn**

دەرىجىسى: لەشكەر

•

ئاپتورنىڭ ماتېرىيالى

- قىسقا ئۇچۇر يوللاش
- دوستلۇققا قوشۇش
-

QQ

UIDنومۇرى: 1628
جەۋھەر يازمىسى: 0
يوللىغان يازمىسى: 11
شۆھرىتى: 77 نومۇر
پۇلى: 65 سوم
تۆھپىسى: 0 نومۇر
توردىكى ۋاقتى: 3(سائەت)
تىزىملاتقان ۋاقتى: 2008-03-15
ئاخىرقى كىرگەن ۋاقتى: 2009-03-10

**سەرۋەر**

دەرىجىسى: لەشكەر

چوققا

- ئىنكاس
- نەقىل

12-قەۋەت يوللانغان ۋاقتى: 33كۈن بۇرۇن

چوڭ | ئاپتورنىڭكىنى كۆرۈش

چوڭ نورمال كىچىك كىچىكلىگى:

كۆپ ئەجر سىڭدۈرۈپسىز،ئەجرىڭىز ئۈچۈن ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن!

چوققا
- ئىنكاس
- نەقىل

يوللانغان ۋاقتى: 33كۈن بۇرۇن قەۋەت-13
چوڭ | ئاپتورنىڭكىنى كۆرۈش
چوڭ نورمال كىچىك :كىچىكلىگى

باشقۇرغۇچىلار بۇ تېمىنى نادىرلاشقا تىگىشلىك

•

ئاپتورنىڭ ماتىريالى

- قىسقا ئۇچۇر يوللاش
- دوستلۇققا قوشۇش

UIDنومۇرى: 8302
جەۋھەر يازمىسى: 0
يوللىغان يازمىسى: 16
شۆھرىتى: 160 نومۇر
پۇلى: 90 سوم
تۆھپىسى: 0 نومۇر
توردىكى ۋاقتى: 15(سائەت)
تىزىملاتقان ۋاقتى: 2009-01-23
ئاخىرقى كىرگەن ۋاقتى: 2009-03-09

**kumluk138**

دەرىجىسى: يۈز بېشى

ئىكەن ، رەھمەت قىرىندىشىم ، مەن ھەممىسىنى ساقلىۋالدىم . مۇشۇنداق تىمىلىرىڭىز ئۈزۈلمىسۇن ، كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپسىز ، سۆرەتلەر بىر بىردىن . ياخشىكەن

چوققا

- ئىنكاس
- نەقىل

يوللانغان ۋاقتى: 23كۈن بۇرۇن قەۋەت-14

- ئاپتورنىڭ ماتىريالى
- قىسقا ئۇچۇر يوللاش
- دوستلۇققا قوشۇش
- QQ

UIDنومۇرى: 7523
جەۋھەر يازمىسى: 0
يوللىغان يازمىسى: 83
شۆھرىتى: 507 نومۇر
پۇلى: 840 سوم
تۆھپىسى: 0 نومۇر
توردىكى ۋاقتى: 31(سائەت)
تىزىملاتقان ۋاقتى: 2008-12-17
ئاخىرقى كىرگەن ۋاقتى: 2009-03-10

**tohmak**

چوڭ | ئاپتورنىڭكىنى كۆرۈش
چوڭ نورمال كىچىك :كىچىكلىكى

ھەقىقەتەن نادىرلاشقا تېگىشلىك ياخشى تېما ئىكەن كۆپرەھمەت

دەرىجىسى: يۇز بېشى

•

ئاپتورنىڭ ماتېريالى

- قىسقا ئۇچۇر يوللاش
- دوستلۇققا قوشۇش

•

QQ

UIDنومۇرى: 2182
جەۋھەر يازمىسى: 0
يوللىغان يازمىسى: 122
شۆھرىتى: 144 نومۇر
پۇلى: 1180 سوم
تۆھپىسى: 0 نومۇر
توردىكى ۋاقتى: (272)سائەت
تىزىملاتقان ۋاقتى: 2008-05-17
ئاخىرقى كىرگەن

چوققا

- ئىنكاس
- نەقىل

ۋاقتى: 2009-03-11

## ئۇيغۇرلاردىكى مەشھۇر شەخسلەر ئورخۇن مۇنبىرى

ئەسكەرتىش : تور بېكىتىمىزدە ۋەمۇنبىرىمىزدە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك قانۇن - سىياسەت پەرمانلىرىغا خىلاپ ماقالىلەر ۋە يوللانمىلارنى ، سۈرەتلەرنى يوللاشقا بولمايدۇ.
بۆلگۈنچىلىك ، قۇتراتقۇلۇق خاراكتېردىكى ماقالىلەرنى يوللىغان ئاپتورلار ئاقىۋىتىگە ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ . تور پونكىتىمىز ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدۇ . ئۆز تور مەدەنىيىتىمىزنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ۋە توسالغۇسىز ئىلگىرلىشى ئۈچۈن بۇ مۇنبەرنى ئۆز كۆز قارچۇقىڭىزدەك ئاسرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.
كىيىنكى پۇشايمان ، ئۆزۈڭگە دۈشمەن . مىللەتنى سۆيگۈچىلەر ئۆز نەرسىسىنى قەدىرلەيدۇ .

ئاخىردا ھەربىر كۆڭلىڭىزنىڭ خۇشاللىق تىلەيمىز !

CNZZ

Total 0.207850(s) query 3, Time now is:03-11 12:54, Gzip disabled ICPNo : 新 06003667
Powered by **PHPWind** v7.0 **Certificate** Code © 2003-08 **PHPWind.com** Corporation بىرلەشمە بىزنىڭ كۆلۈبى تەرجىمە نۇسخىسى